# «ھۇدۇدۇلئالەم» ۋە ئۇنىڭدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىگە دائىر خاتىرىلەر

ۋاڭ جىۋلەي

( 1 )

بىز پارسچە يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» ناملىق بۇ جۇغراپىيىۋى ئەسەرنى تۇنجى قېتىم خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقىمىزدىن خۇشاللىنىش بىلەن بىللە، كىتابخانلىرىمىزغا بۇ ئەسەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان نۇرغۇن رۇسچە كىتابلاردا، ھەمىشە دېگۈدەك بۇ ئەسەرنى «تۇمانسكىنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسى» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ ئەسلى نامىنى قىسقارتىپ تاشلىغان. ئۇنىڭ سەۋەبى، بۇ كىتابنىڭ تېپىلىشى تۇمانسكىي بىلەن بىر ئاز مۇناسىۋەتلىك. شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئاشۇنداق ئاتاش مۇۋاپىق ئەمەس.

بۇ كىتاب 1892 - يىلى بۇخارادا تېپىلغان. بۇنداق بولۇشى تەبىئىي، چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا تارىختا — بولۇپمۇ مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇنى ئەرەبلەر ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن — مۇسۇلمانلارنىڭ شەرقتىكى سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغانىدى. سامانىي خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان بۇخارا ئىنسانلار مەدەنىيىتى توپلانغان جاي بولۇپ، ئۇ يەردە زور كۆلەملىك كۇتۇپخانا بىنا قىلىنغان. شۇ يەردە تەربىيىلىنىپ ئۆسۈپ يېتىلگەن مەشھۇر ئالىم ھەم تىببىي ئۆلىما ئىبنىسىنا بۇخارا خانلىق كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان كىتابلاردىن پايدىلانغان ۋە ئۇ كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنىڭ ئىنتايىن موللىقىنى تەسۋىرلىگەن. كېيىنكى چاغلاردا، بۇخارا چىڭگىزخاننىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر مەدەنىيەت شەھىرى دېگەن نامىنى باشتىن - ئاخىر يوقاتمىدى. قەدىمدىن تارتىپ يېقىنقى زامانغا قەدەر، بۇخارانىڭ كونا كىتابلار بازىرىدا، تارىخ ۋە مەدەنىيەتكە دائىر ئىنتايىن قىممەتلىك كىلاسسىك كىتابلار ھەر دائىم كۆپلەپ ئۇچراپ تۇراتتى. روسىيە

ۋە غەربىي ياۋروپادىكى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئالىملىرى ئۇيەردىن ئەرەبچە، پارسچە ۋە تۈركچە سانسىزلىغان مەشھۇر ئەسەرلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، كېيىن ئۇلارنى پېتىربۇرگ، لوندون، پارىژ قاتارلىق جايلاردىكى چوڭ كۇتۇپخانىلاردا ساقلىغان.

1892 - يىلى، پېرسىيىلىك مىرزا ئەبۇلفازىل گۇلپايا غەنى تۇمانسكىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، بۇخارانى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلۇغ-بېك يازغان ئەمما يوقىلىپ كەتكەن بىر پارچە ئەسەر — «تۆت چوڭ خانلىق» (ئۇلۇس. ئى. ئەلباغا) نى ئىزدىگەن، لېكىن ئۇنى زادىلا تاپالمىغان. بىر كۈنى ئۇ بازاردا تاسادىپىلا قولدا كۆچۈرۈلگەن بىر تېخىمۇ كونا كىتابنى ئۇچرىتىپ قالغان. ئۇنىڭ ئىچىدە تۆت خىل ئەسەر بولۇپ، بىرىنچى خىلى جۇغراپىيە توغرىسىدىكى ئەسەر، قارىغاندا، ئۇ بىر پارچە خەرىتە ئۈچۈن يېزىلغان كىرىش سۆز (يەنى «ھۇدۇدۇلئالەم») بولسا كېرەك؛ ئىككىنچى خىلىمۇ جۇغراپىيە كىتابى بولۇپ، مىلادى 949 - يىلى يېزىلغان؛ ئۈچىنچى خىلى مۇزىكا توغرىسىدىكى قىسقا ماقالە؛ تۆتىنچى خىلى ئىمام فەخرى ئىبنى رازى يازغان «جامى ئەل ئۇلۇم». گۇلپايا غەنى 1892 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بىر پارچە خەت يېزىپ بۇ ئەھۋالنى تۇمانسكىغا خەۋەر قىلغان. كېيىنكى يىلى، تۇمانسكى بۇخاراغا بارغان، ئۇنىڭ پېرسىيىلىك بۇ ئاغىنىسى «ئىلىمنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، ئۇنى تەھرىرلەپ نەشىر قىلىش كېرەك» دېگەن شەرت بىلەن بۇ كىتابلارنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان.

پاروتچىك (كېيىن گېنېرال مايور بولغان) تۇمانسكى بۇ كىتابنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پېرسىيىگە سەپەر قىلغانلىقى ۋە ھەربىي ۋەزىپىسىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇنى دەرھال ئېلان قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، «يېقىندىن مەلۇم بولغان X ئەسىردە ئۆتكەن پېرسىيە جۇغراپىيەشۇناسى ۋە ئۇنىڭ سىلاۋىيانلار بىلەن رۇسلارغا دائىر خاتىرىلىرى» دېگەن سەرلەۋھىدە بىر پارچە ماقالە يېزىپ، «روسىيە ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى شەرق بۆلۈمىنىڭ مەجمۇئەسى» نىڭ 1896 - يىل 10 - توپلىمى (1897 - يىلى بېسىلغان) 1 - قىسىم (121—137 - بەتلەر) دا ئېلان قىلغان. مەزكۇر ماقالىدە، بۇ كىتابنىڭ يېزىلغان ۋە كۆچۈرۈلگەن يىلى، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ مۇندەرىجىسى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە كىتابنىڭ سىلاۋىيانلار بىلەن رۇسلارغا دائىر قىسمىنىڭ پارسچە ئەسلى تېكستى ۋە رۇسچە تەرجىمە تېكستىنى بېسىپ چىقىپ، قىسقىچە ئىزاھ بەرگەن.

تۇمانسكى گەرچە بۇ كىتابنى نەشىر قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تاكى 1920 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كونىس-

ئاتىنوپولدا ۋاپات بولغانغا قەدەر بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان.

كېيىن، «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى روسىيىگە ئەۋەتىلىپ، بارتولدنىڭ مەسئۇللۇقىدا تەھرىرلىنىپ ئېلان قىلىنغان. بارتولد 1930 ـ يىلى بۇ كىتابنىڭ 78 بەتلىك ئەسلى تېكىستىنىڭ فوتو نۇسخىسى بىلەن كۆرسەتكۈچلىرىنى تۈزۈپ تەييارلىغان (رۇسچىگە تەرجىمە قىلىنمىغان) ھەمدە ئۇزۇنغا رۇسچە كىرىش سۆزى يازغان. بىراق «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ بۇ فوتو نۇسخىسى نەشىردىن چىقىش ئالدىدىلا بارتولد ۋاپات بولدى. لېنىنگرادتىكى بۇ فوتو نۇسخىسى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن نەشىر قىلىندى. تېمىسى:

(تۇمانسكىنىڭ قولىيازمىسى: «ھۇدۇدۇلئالەم»، قوشۇمچە بارتولدنىڭ كىرىش سۆزى ۋە ئۇ تۈزگەن كاتالوگ. لېنىنگراد، 1930 ـ يىل)

بارتولد ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەنگلىيىلىك ئىرانشۇناس مىنورىسكى بۇ كىتابنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن، ئۇ ئالتە ـ يەتتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، «ھۇدۇدۇلئالەم» نى تەرجىمە قىلىپ چىققان ۋە تەپسىلىي ئىزاھلىغان، يەنە كۆرسەتكۈچلىرىنىمۇ تۈزۈپ چىققان. مىنورىسكىنىڭ تەرجىمە ۋە ئىزاھ نۇسخىسى 1937 ـ يىلى تۇنجى قېتىم نەشىردىن چىقتى. مىنورىسكى 1966 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، 1970 ـ يىلى يەنە لوندوندا بوسۋورس تەھرىرلىگەن ئىككىنچى نەشرى نەشىردىن چىقتى. بىزنىڭ بۇ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىمىز ئەنە شۇ 1970 ـ يىلدىكى ئىككىنچى نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.

بۇ كىتابنىڭ پارسچە نۇسخىسىنىڭ مەۋزۇسى (كىتاب نامى) «ھۇدۇدۇلئالەم». مىنورىسكى «ھۇدۇد» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «چېگرا سىزىقى» بولۇشى كېرەك، دەپ ئىزاھلايدۇ. روشەنكى، بۇ مەۋزۇ مەلۇم چېگرا دائىرىسىدىكى بىر قانچە رايونلار (REGIOnS) نى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، ئاپتور ئۆزى بىلىدىغان پۈتكۈل ئالەمنى مۇشۇنداق بىر قانچە رايونغا ئايرىغان ھەمدە بايان قىلىش جەريانىدا ھەر بىر رايوننىڭ چېگرىسىنىڭ تۆت تەرىپىنى ئېنىق كۆرسىتىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلغان. مىنورىسكى بۇ كىتابنىڭ نامىنى «دۇنيادىكى بىر قانچە رايونلار» دەپ تەرجىمە قىلغان، لېكىن بۇ يەنە، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى «دۇنيادىكى بىر قانچە چېگرىلانغان رايون» دەپ تەرجىمە قىلغان تۈزۈك، دەپ قارىغان. بارتولد ئۇنى

«دۇنيانىڭ بىر قانچە دائىرىسى» دەپ تەرجىمە قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى» دېگەن كىتابتا « ЛPeпeΛ aMN Pa » دەپ تەرجىمە قىلىنغان (خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىدا «ئالەمنىڭ دائىرىسى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان). قارىغاندا، بۇ تەرجىمىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئەسلى مەنىسىگە دېگەندەك ئۇيغۇن كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۆز دۆلىتىمىزدە ئومۇمیۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان خەنزۇچە تەرجىمىسى بويىچە « 世界境域志 » دەپ قوللانغانلىقىمىز، روشەنكى، يۇقىرىقى ھەرخىل تەرجىمىلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر ياخشى بولغان. (ئۇيغۇرچە مۇناسىۋەتلىك ماقالە-ئەسەرلەردە كىتابنىڭ ئەسلى ئىسمى بويىچە «ھۇدۇدۇلئالەم» دەپ قوللىنىلماقتا — ت)

(2)

«ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسىدا ئاپتورنىڭ نامى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. كىتابنىڭ ئاخىرىدا، كۆچۈرگۈچى كىشى بۇ كىتابنىڭ ھىجرىيە 656-يىلى كۆچۈرۈلگەنلىكىنىلا ئىزھار قىلغان. شۇڭا، ئاپتورنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز يوق دېيەرلىك. لېكىن ئاپتور بۇ كىتابنىڭ 1-بابىدىكى كىرىش سۆزىنى مۇنداق دەپ باشلىغان: «بىز بەندىلەر بەختىيارلىق ۋە شات-خۇراملىق بىلەن ئاللاغا ھەمدۇ سانا ئوقۇيمىز، ھەممىگە قادىر، مەڭگۈ مەۋجۇت، دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسىغا رەھمەتلىرىمىزنى بايان قىلىمىز. ئاللا ھەممە مۈشكۈلاتنى ئاسان قىلغۇچىدۇر. ئىگەم ئۆز بەندىلىرىنى يېتەكلەيدۇ. ئۇ تۈرلۈك ئىلىملەر ئارقىلىق ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە مەدھىيە ئوقۇيمىز! ئادىل پادىشاھ، مۆمىنلەرنىڭ يولباشچىسى خەلىپە (ئاللا ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن) نىڭ بۇيرۇقى بويىچە دۇنيادىكى كىشىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شاھىنشاھ ئەبۇل خارىس مۇھەممەت ئىبنى ئەخمەتنىڭ شان-شەۋكىتى، غەلىبىسى ۋە روناق تاپقانلىقى، شۇنداقلا ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە خەلق بەخت-سائادەتكە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، بىز پەيغەمبىرىمىز (ئاللا ئۇنىڭغا بەخت ئاتا قىلسۇن) ھىجراھ قىلغاندىن كېيىنكى 372-يىلدىن باشلاپ بۇ جۇغراپىيە كىتابىنى يېزىشقا كىرىشتۇق.» بۇ بىر ئابزاس سۆزدىن كەم دېگەندە بىزگە شۇنىسى مەلۇم بولدىكى: 1. ئاپتور ئۆزى بىر مۇسۇلمان؛ 2. ئاپتور ئۆزى ئەبۇل خارىس مۇھەممەت ئىبنى ئەخمەتنىڭ پۇقراسى. ئۇ بۇ كىتابنى مۇشۇ پادى-

شاھقا تەقدىم قىلغان: 3. بۇ كىتاب ھىجرىيىنىڭ 372 - يىلى (مىلادى 982 - يىلى) يەنى سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭ جاۋگۇاڭيىنىڭ تەيپىڭ يىلنامىسى شىڭگو 7 - يىلى — ۋاڭ يەندېنىڭ قوچوغا ئەلچى بولۇپ بارغان يىلى — يېزىلغان.

ھەر قانداق بىر ئەسەرنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇنىڭ يېزىلغان يىل دەۋرى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئېنىقلىۋېلىش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان دۆلەتنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ئۈستىدە بەزى چۈشەنچىلەرنى بېرىپ ئۆتىمىز.

ئاپتور ياشىغان دەۋر مىلادى X ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرى، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سامانى خاندانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن دەۋرى ئىدى. ئاپتورنىڭ يۇرتى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى خۇشكەنت CuzQAN (ئەرەبچىدە جۇزجان JuZJAN ) دېگەن جاي بولۇپ، بۇ جاي مېرۋى بىلەن بەلخ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئەينى زاماندا، سامانى خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ماۋارائۇننەھرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى خوراسان رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا، ئاپتور بۇ كىتابنىڭ 23 - بابىدا خوراسان بىلەن ماۋارائۇننەھر ئوخشاشلا بىر خانلىققا تەۋە بولۇپ، خان بۇخارادا تۇراتتى، دەپ يازغان. خوراساننىڭ پۈتۈن زېمىنىدا مۇشۇ خان تەيىنلىگەن ئەمەلدارلار بولغان. چېگرا رايوننىڭ ھۆكۈمرانى نام جەھەتتە خانغا بويسۇنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزى مۇستەقىل ھۆكۈمران بولۇپ، «چېگرا رايون تۇتۇغى» دەپ ئاتىلاتتى. ئاپتور خۇشكەنتنى خوراساننىڭ بىر رايونى سۈپىتىدە قاراپ، بۇ رايوننىڭ ھۆكۈمرانىنى چېگرا رايون تۇتۇغلىرىدىن بىرى، دەپ يازغان، يەنە خۇشكەنتنىڭ ھۆكۈمرانىنى ئ' - فەرىدۇننىڭ ئەۋلادى، دېگەن (23 - باب، 46 - بۆلۈمگە قارالسۇن) بۇ بايانلار X ئەسىردە خۇشكەنت رايونىدا مۇستەقىل ياكى يېرىم مۇستەقىل بىر خانلىقنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى، ئەبۇل خارىس مۇھەممەت ئىبنى ئەخمەت دەل مۇشۇ خانلىقنىڭ خانى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خۇشكەنت رايونىدىكى بۇ خانلىق توغرىسىدا، ئىلگىرى ئۆتكەن ئاپتورلارمۇ ئاز - تولا توختالغان. مەسىلەن XI ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچى ئۇتبى: «سامانى خاندانلىقى دەۋرىدە، خۇشكەنت رايونى فەرىغۇن جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى، بۇ جەمەت ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ ھازىرغىچە يېتىپ كەلدى»[7] دېگەن. بارتولد: «(سامانى خاندانلىقىنىڭ) تۈرلۈك مەمۇرىيەت سىستېمىسىنى خاندانـ

لىقىنىڭ پۈتۈن دائىرىسىدە بىردەك يۈرگۈزەلمىگەن، بەزى رايونلار ئاۋۋالقىدەكلا شۇ جايدىكى خانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، بەزى جايلاردىكى خانلىقلار تېخى ناھايىتى قەدىمىي خانلىقلار ئىدى ... مەسىلەن خۇشكەنت (فەرغۇن خانلىقى)، غەزنى (بۇ جاينىڭ ھۆكۈمرانى كېيىن ئالپ تېكىن تەرىپىدىن بىكار قىلىنغان) ... قاتارلىقلار» ② دېگەن. ئۇ يەنە: IX ۋە X ئەسىرلەردە، فەرغۇن دېگەن بىر خانلىق خۇشكەنتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، كېيىن غەزنى خانلىقىنىڭ خانى مەخمۇت تەرىپىدىن يوقىتىلغان » ③ دېگەن. ئەينى زاماندا، خۇشكەنتنىڭ فەرغۇن خانلىقى سامانى خاندانلىقىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ، نام جەھەتتە سامانى خاندانلىقىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل ئىدى، ئۇنىڭ خانلىرى مىراسلىق ئىدى. ماكدىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار سامانى خاندانلىقىغا «سوغاتلا ئەۋەتىپ تۇرغان، ئەمما ئولپان تاپشۇرمىغان » ④.

فەرغۇن خانلىقىنىڭ قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكىنى دەلىللەيدىغان ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىيال يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خانلىقنىڭ تارىخىي پاكىتلىرى پارچە - پۇرات بولۇپ، باش ئايىغى ئۇلاشمايدۇ، ھەتتا ئۇنى قۇراشتۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى كۆرۈشكىمۇ ئىمكانىيەت يوق. بىزگە مەلۇم، ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىشتىن بۇرۇن، خۇشكەنت رايونىنىڭ ھۆكۈمرانى ئۆزىنى « خۇشكەنت قۇدات » دەپ ئاتىغان. فەرغۇن خانلىقىنىڭ ئەشۇ قۇداتلار بىلەن مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى بارمۇ - يوق، بۇنىسى نامەلۇم.

ئاپتور خۇشكەنتنىڭ ھۆكۈمرانى ئافەرىدۇننىڭ ئەۋلادى ئىدى، دەيدۇ. تۇمانسكى ئافەرىدۇننىڭ ئافەرغۇن دەپ ئوقۇپ، ئەگەر بۇنىڭ بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇش A نى قىسقارتىۋەتسە، «فەرغۇن» بولىدۇ دېگەن. لېكىن بارتولد تۇمانسكىنىڭ بۇنداق ئوقۇشى ئاساسسىز، دەپ قارىغان.

ئاپتور يەنە بىر جايدا («ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ 9 - بابىدا)، جۇڭگونىڭ پادىشاھى فەرىدۇننىڭ ئەۋلادى (ئىلاۋە: فەرىدۇن دېگىنى ئافەرىدۇن) ئىدى، دەپ يازغان ۋە ئۇنى «فاغفۇر ئىبنى چىن» دەپ ئاتىغان. بۇنداق دېيىشتە، ئاپتوردا ئۆز پادىشاھىنى جۇڭگو پادىشاھى بىلەن مەنبەداش قىلىپ كۆرسىتىپ، باشقىلار بىلەن چوڭ - كىچىكلىكتە ئۆز پادىشاھىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈش غەرىزى بارمۇ - يوق؟ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ گەپلەر قەدىمكى ئىران مىللىتىنىڭ رىۋايىتىدىمۇ ئۇچرايدۇ. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» دېگەن كىتابىدىكى بايانda فەرىدۇننىڭ ئوغلى تۇر ( Tur ) تۈركلەر بىلەن چىنلارنىڭ

پادىشاھى بولغانىكەن، شۇڭا ئۇ «تۇران شاھ» ياكى «شاھى چىن» دەپ ئاتالغانىكەن، دېيىلگەن. جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانگۇ شاي» دېگەن كىتابى ۋە مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» دېگەن كىتابىدىمۇ مۇشۇ رىۋايەتنى نەقىل قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەرنىڭ سەردارى ئافراسىيابنى ئافەرىدۇننىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىغان. تاكى يېقىن زاماندا، ياقۇپبەگ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن مەزگىلدە، يەكەن شەھىرىدىكى بىر ئۇيغۇر باشلىقمۇ ئۆزىنى ئافەرىدۇن شاھ دەپ ئاتىۋالغان⑤. ھىندى، پارس ۋە ئەرەب رىۋايەتلىرىدىن مۇرغاپ دەرياسى ۋادىسىدىكى مېرۋى رايونىنى قەدىم زاماندىكى شاتلىق بېغى، ئارىيانلارنىڭ قەدىمىي ماكانى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بۆشۈكى دەپ تەسۋىرلەيدۇ. دېمەك، ئاپتورنىڭ خۇشكەنت خانىنى ئافەرىدۇننىڭ ئەۋلادى دېيىشى بىر خىل كۆپتۈرۈشتىنلا ئىبارەت.

شۇنىڭغا ئوخشاش، خارەزىمدىمۇ، مىلادى III ئەسىردىن باشلاپلا ئافەرىغ خاندانلىقى بارىدى⑥، كېيىن، مىلادى 996 - يىلى بۇ خاندانلىقنىڭ ھاكىمىيىتى ئۇنىڭ دۈشمىنى مۆمىن تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان، لېكىن مۆمىن خاندانلىقىمۇ خاتا ھالدا فەرىغۇن خاندانلىقى دەپ ئاتالغان، خۇشكەنتتىكى فەرىغۇن خاندانلىقى بىلەن ئۇنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى، شۇڭا خۇشكەنت دېگەن بۇ خاندانلىقنىڭ بىر قەدەر ئىشەنچلىك تارىخىنى پەقەت ئەبۇل خارىس مۇھەممەتنىڭ ئاتىسى ئەخمەتتىن ھېسابلاشقىلا بولىدۇ. X ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب يازغۇچىسى نارشاھ (ھىجرىيە 348 - يىلى، مىلادى 959 - يىلى ئۆلگەن) خۇشكەنت ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسمى ئەخمەت ئىبنى فەرىغۇن، دېگەن. ئاپتور يەنە ئەخمەت ئىبنى فەرىغۇننىڭ خۇشكەنتكە ئەمىر بولغان ۋاقتى مىلادى IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلى ئىكەنلىكىنىمۇ ئىزھار قىلغان. ئۇتبىنىڭ ئەسىرىدىمۇ مەزكۇر خاندانلىقنىڭ سامانى خاندانلىقى باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغانلىقى يېزىلمىغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، خۇشكەنتتىكى فەرىغۇن خاندانلىقى سامانى خاندانلىقى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇتبى فەرىغۇننى راست ئۆتكەن ئادەم، بۇ ئادەم IX ئەسىردە سامانى خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ياشىغان، دەيدۇ. ماكدىس ئاندخۇدقا بىر كۈنلۈك، كېركىغا بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى جايدا ئافەرىغۇن دېگەن بىر قەلئە بارلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ قەلئەنىڭ نامى فەرىغۇن دېگەن بۇ ئادەمنىڭ پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالماقتا. مىنورىسكى فەرىغۇن خاندانلىقىنى تۆۋەندىكىدەك بىر نەسەب جەدۋىلى قىلىپ چىققان:

1 . فەرغۇن

2 . ئەخمەت

3 . ئەبۇل خارىس مۇھەممەت

( ئايال ) سۇلتان مەخمۇتنىڭ خوتۇنى

( ئايال ) نۇخ ئىبنى مەنسۇرنىڭ خوتۇنى

4 . فەرغۇن ( ؟ )

5 . ئەبۇل ناسىر ئەخمەت سابۇق تېكىننىڭ قىزىنى ئالغان

( ئايال ) سۇلتان مەخمۇتنىڭ ئوغلى ئەبۇل ئەخمەت مۇھەممەتكە تەككەن

6 . ھەسەن ( ؟ )

خۇشكەنتتىكى فەرغۇن خاندانلىقىنىڭ تارىخى توغرىسىدا، بىز پەقەت مۇنا-سىۋەتلىك ئەسەرلەردىن تۆۋەندىكى پارچە - پۇرات پاكىتلارنىلا بىلىمىز:

مىلادى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، سەفەر خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئامۇل ئىبنى رەئىسنىڭ سامانى خاندانلىقىنىڭ خانى ئىسمايىل ئىبنى ئەخمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بۇزۇلغان. ئامۇل ئۆزىنىڭ پىرسىيدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، ئەرەب خەلىپىسى ئۇنىڭ پىكرى

بويىچە ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولغان. مىلادى 898 - يىلى، خەلىپە ئامۇلنىڭ تەلىپى بويىچە ئىسمايىلنى خانلىق ئورنىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئامۇلنى ماۋارائۇننەھرنىڭ ساھىپ شۇغۇللىۇقىغا تەيىنلىگەن. ئامۇل خەلىپىنىڭ يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خۇشكەنتنىڭ ھۆكۈمرانى ئەخمەت ئىبنى فەرغۇنىنىڭ بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، فەرغۇن سامانى خاندانلىقىنىڭ خانى ئىسمايىلغا ياردەم بېرىشنى خالىمىغانىكەن.

ئەخمەتنىڭ ئوغلى ئەبۇل خارىس مۇھەممەت ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر خۇشكەنتتىكى فەرغۇن خانلىقى گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ، ئۇ سامانى خاندانلىقىنىڭ سەردارى نۇخ ئىبنى مەنسۇر ۋە غەزنى خاندانلىقىنىڭ خانى سابۇق تېكىن بىلەن يېقىن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. مىلادى 993 - يىلى، نۇخ خوراسانغا يۈرۈش قىلىپ خۇشكەنتتىن ئۆتكەندە، ئەبۇل خارىس مۇھەممەت ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەملەشكەن. تەخمىنەن مۇشۇ چاغلاردا، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ قىزىنى غەزنى خاندانلىقىنىڭ خانى سابۇق تېكىننىڭ ئوغلى مەخمۇتقا ياتلىق قىلىپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ ئوغلى ئەبۇ ناسىرغا سابۇق تېكىننىڭ قىزىنى ئەپ بەرگەن.

مىلادى 997 - يىلى، سابۇق تېكىن ئۆلگەن، ئەبۇل خارىس مۇھەممەد بۇ چاغدا مەخمۇت بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئىسمايىلنى ياراشتۇرۇپ قويغان. 999 - يىلى، مەخمۇت ئەسىرگە ئالغان ئىسمايىلنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇ، تارىخي ماتېرىياللاردا ئەبۇل خارىس مۇھەممەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تىلغا ئېلىنىشى.

X ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدا قاراخانىلار خاندانلىقى قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى ۋە سابۇق تېكىن بىلەن سامانى خاندانلىقىنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشۈۋېلىش توغرىسىدا كېلىشىم تۈزدى. 997 - يىلى سابۇق تېكىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى مەخمۇت 999 - يىلى سۇلتانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. شۇ يىلى قاراخانىلار خاندانلىقى بۇخاراغا يۈرۈش قىلىپ، ماۋارائۇننەھرنى ئىشغال قىلدى، سامانى خاندانلىقى X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن بىللە ھالاك بولدى. ئۇنىڭ زېمىنىنى قاراخانىلار خاندانلىقى بىلەن غەزنى خاندانلىقى بۆلۈشۈۋالدى.

مىلادى XI ئەسىردىن كېيىن فەرغۇن خانلىقى توغرىسىدىكى پاكىتلار «ھۇدۇدۇلئالەم» يېزىلىپ چىققاندىن كېيىنكى ئىشلار بولغاچقا، بۇ يەردە ئۇلارنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز.

يۇقىرىقىلار «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن كىتابنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئاپتورنىڭ يۇرتى — خۇشكەنت ھەققىدىكى تارىخ ئۇزۇندىلىرى. ئاپتور بۇ كىتابنى ئۆزىنىڭ پادىشاھى — خۇشكەنت فەرىغۇن خانلىقىنىڭ خانى ئەبۇل خارىس مۇھەممەدكە تەقدىم قىلغان. خۇددى ئاپتور ئۆزى ئېيتقاندەك، شۇ دەۋر بۇ خانلىقنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى.

( 3 )

«ھۇدۇدۇلئالەم» پارسچە يېزىلغان. لېكىن ئاپتور مەدەنىيەت ۋارىسلىقى جەھەتتىن ئەرەبكە مەنسۇپ ئىكەنلىكى شەكسىز. جۇغراپىيىۋى ئەسەر سۈپىتىدىكى بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ يەككە ئىجادىيىتى بولماستىن، بەلكى ئۇ «ئەجدادلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ ئەسلىمىسى» گە ئاساسەن يېزىپ چىقىلغان. شۇڭا بىز بۇ كىتابنىڭ ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىقى تارىخىدا تۇتقان ئورنىنى بىلىپ بېقىش زۆرۈر، دەپ ھېسابلايمىز. شۇنداق بولغاندا بىز ئاندىن ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتىگە توغرا باھا بېرەلەيمىز. ھالبۇكى، بارتولد بۇ كىتابنى «ئىلىم جەھەتتە ئەڭ زور مۇھىملىققا ئىگە» (7) دەپ ھېسابلىغان.

ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىقى دۇنيا جۇغراپىيەشۇناسلىقى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بىزگە مەلۇم، گېرمانلار رىمنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىردىكى زۇلمەت دەۋرىگە كىرىپ، كىلاسسىك بىلىملەر ھالاكەتكە يۈزلەنگەنىدى. ئەكسىچە، نۇرغۇن كىلاسسىك ئەسەرلەر ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئۈچۈنلا ساقلىنىپ قېلىپ تەتقىق قىلىنىشقا، ۋارىسلىق قىلىنىشقا ۋە راۋاجلىنىشقا ئېرىشتى. مەسىلەن، مەشھۇر پەيلاسوپ ئارىستوتېل ۋە ئاسترونوم ھەم جۇغراپىيەشۇناس پتولېمېي قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان. ئەرەبلەر يۇناننىڭ، رىم جۇغراپىيە بىلىملىرىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇنى راۋاجلاندۇرغان. ئەرەب سودىگەرلىرى ۋە سەيياھلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ئارقىلىق غەربنىڭ شەرققە بولغان تونۇشىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەن ۋە چوڭقۇرلاشتۇرغان. ئۇلار يەنە قەدىمكى زامان سوغدلىرى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىغا دائىر نۇرغۇن ئەھۋاللارنى بىلگەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىقىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان.

«ھۇدۇدۇلئالەم» دە ئارىستوتېل بىلەن پتولېمېي بىر قانچە جايدا تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا، ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرىدىن كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرى

بۇ كىتابنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى قىلىنغانلىقى زادىلا تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ، ئاپتورنىڭ مىللىي ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەنلىكىدىن بولغانمۇ - قانداق؟ چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغاندىن كېيىن، ئەرەب تىل - يېزىقى ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنىڭ بارلىق ھۆججەت ۋە ئەسەرلىرىدە ئىزچىل قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىق بولۇپ قالغان. IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، ئەرەب دۆلىتى يىمىرىلىشكە يۈزلەندى. مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا يەرلىك مىللەتلەر قۇرغان يەرلىك خاندانلىقلار بارلىققا كەلدى. بۇ يەرلىك خاندانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئەرەبچىنى قوللانماي پارسچىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. XI ئەسىرگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەرەبچە كىتابلارنى ئوقۇشنى ئانچە ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئالغا سۈرۈلدى. بارتولد مۇنداق دېگەن: «ھىجرىيە IV ئەسىر (مىلادى X ئەسىر) دىن باشلاپ، پارس تىلى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا تەدرىجىي يوسۇندا ئەدەبىي تىلغا ئايلاندى». ئېھتىمال، بۇمۇ ئاپتورنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتا ئاساس قىلغان ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تىلغا ئالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن.

لېكىن، مىنورىسكىنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، «ھۇدۇدۇلئالەم» دە ئىلگىرىكى ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىلغان ھەتتا بەزىسىدە پۈتۈنلەي كۆچۈرۈلگەن. بۇنىڭدا ئاساسلىقى مىلادى IX ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب جۇغراپىيە شۇناسى ئىبنى خورداد بىخ، X ئەسىردە ئۆتكەن بارىخ، ئىبنى رۇستا، ئىستەخرى، گەردىزى، جەيھانى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە بايان قىلىنغان بەزى غەرب ئەللىرىگە دائىر باب - پاراگرافلارنىڭ بەزىلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يۇقىرىقى ئەسەرلەردىن كۆچۈرۈلگەن، پەقەت ئۇنىڭ يېزىقلا ئۆز بايانىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن بىردەك بولغان. مەسىلەن 2 - بابنىڭ 4 - پاراگرافى، 4 - بابنىڭ 5 -، 6 - پاراگرافلىرى، 42 -، 43 -، 56 -، 57 -، 58 -، 60 - بابلىرى ئىبنى خورداد بىخنىڭ ئەسىرىدىن كۆچۈرۈلگەن؛ 52 -، 53 - بابلىرى گەردىزىدىن كۆچۈرۈلگەن؛ 37 -، 38 -، 40 -، 41 -، 51 - بابلىرى ئىستەخرىدىن كۆچۈرۈلگەن؛ 2 - بابنىڭ 1 - پاراگرافى، 52 - باب (؟) ئىبنى رۇستادىن كۆچۈرۈلگەن ۋەھاكازا. لېكىن، «ھۇدۇدۇلئالەم» دە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر بىلەن جۇڭگونى بايان قىلىشتا قايسى تارىخىي ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان؟ بۇ بىزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مەسىلە.

«ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ ئاپتورى سامانى خاندانلىقى دەۋرىدە ياشىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سامانى خاندانلىقىدا جۇغراپىيىۋى ئەسەرلەر يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان. شۇڭا، سامانى خاندانلىقىنىڭ جۇغراپىيىگە دائىر ھۆججەتلىرى ئاپتورنىڭ تۈركىي مەملىكەتلەر بىلەن [illegible] شەرق غەربى بىلەن شىمال غەربى كۆچمەن چارۋىچى تۈركلەر جايلاشقان رايونلار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە قارلۇق قەبىلىسى سامانى خاندانلىقى بىلەن يېقىن قوشنا ئىدى. سامانى خاندانلىقى قارلۇقلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ناھايىتى دىققەت قىلىپ، يىراقتىكى بىلەن بىرلىشىپ يېقىندىكىگە ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، قارلۇقلارنى ئاجىزلاشتۇرۇش كويىدا بولغانىدى. شۇنداق دېيىش كېرەككى، سامانى خاندانلىقى بۈگۈنكى شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى تۈركلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن چوقۇم پىششىق تونۇشلۇق ئىدى.

مىلادى 914 - يىلدىن باشلاپ سامانى خاندانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى بولغان جەھانىنىڭ ئۆزى جۇغراپىيە شۇناس ئىدى. ئۇ سامانى خاندانلىقىدىكى جۇغراپىيە شۇناسلارنى قوغدىغان، قوللىغان ۋە جۇغراپىيە شۇناسلىقنى راۋاجلاندۇرغانىدى. ئۇ باشقا ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. ماكدىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئەھۋال ئىگىلەش چارىسى «چەت ئەللىكلەرنى يىغىپ، ھەر قايسى ئەلنىڭ ئەھۋالىنى سوراش» تىن ئىبارەت ئىكەن. بۇ خۇددى تاڭ سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى جىيادەنگە ۋە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى جاۋرۇشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تارىختا «جېنيۈەن يىللىرىدىكى باش ۋەزىر جىيادەن ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ ناھىيە، يېزا - كەنتلىرىنىڭ سانىنى تەپسىلىي بىلەتتى، چېگرا رايونلاردىن چەت ئەللەرگە بېرىپ كەلگەن ئادەملەردىن تەرجىمان ئارقىلىق ئەھۋال ئىگىلەپ، ئاڭلىغانلىرىنى قالدۇرماي خاتىرىلەيتتى» [1] دېيىلگەن. جەھانى دەل مۇشۇنداق ئۇسۇلنى قوللانغان. گەردىزىمۇ ئىبنى خورداد بىخ بىلەن جەھانىنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزىنىڭ ئەسىرىدىكى تۈركلەرگە دائىر باب - پاراگرافلارنىڭ تارىخىي ماتېرىيال مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭمۇ تارىخىي ماتېرىيال مەنبەسى بولغانلىقى چوقۇم. ئەلۋەتتە. جەھانى ئۆزى ماتېرىيال توپلىغاندىن سىرت، ئىبنى خورداد بىخنىڭ ئەسىرىدىن خېلى زور دەرىجىدە پايدىلانغان، دەپ قارالماقتا.

ئىبنى خورداد بىخ يازغان «يول ۋە ئەللەر تەزكىرىسى» (ئەرەب جۇغراپىيە شۇناسلىرىدىن مۇشۇ تېمىدا كىتاب يازغانلىرى خېلى بار) مىلادى 846 — 847 -

يىللىرى يېزىلغان. 885 — 887 ـ يىللىرى ئۇ ئۆزى بۇ كىتابنى يەنە ئۆزگەرتىپ يازغان. ئۇنىڭ پايدىلانغان ماتېرىياللىرى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگە، بىر قىسمى IX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە تەئەللۇق. ئۇنىڭ كىتابىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىن جۇڭگوغا بارىدىغان يوللار تەسۋىرلەنگەن. لېكىن ئۇ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختىنى بىلەنلا توختاپ قالغان. جەھاننىڭ ئەسىرى (يوقاپ كەتكەن) دە بولسا تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار سىستېمىلىق تەسۋىرلەنگەن. بۇ، مۇسۇلمان ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇنقىسى ھېسابلىنىدۇ. «ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى ئۇرغۇن ماتېرىياللار مەيلى ۋاقىت ياكى كونكرېت مەزمۇن جەھەتتىن بولمىسۇن، مۇشۇ ئىككى ئادەمنىڭ ماتېرىيالى بىلەن ئوخشاش.

بۇنىڭدىن باشقا، «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىيال مەنبەسى بولغان جەھاننىڭ ئەسىرىدە، جەھانى ئۆزىدىن تېخىمۇ بۇرۇنراق ئۆتكەن ئەرەبلەرنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرىدىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى خىلىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ: بىرى، تامىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسى، يەنە بىرى، مىسارنىڭ ساياھەت خاتىرىسى.

تامىم ئىبنى بەھر ئەلى مۇتاۋۋىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات يوق، ئۇ تەخمىنەن، ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغان چاغدا پىدائىي ئەسكەر بولغان. ئۇ يەنە توققۇز ئوغۇز رايونىغا ئەڭ بۇرۇن بارغان ئەرەب ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ بىر قىسمى ياقۇتنىڭ «جۇغراپىيە لۇغىتى» ( Mu,gamalbuldan ) گە نەقىل قىلىپ كىرگۈزۈلگەنلىكتىن ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىبنى ئەلى فاتىخنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەسىرىدىمۇ تامىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن نەقىل ئېلىنغان. بەلكى ياقۇتنىڭ لۇغىتىگە كىرگۈزۈلگەن نەقىلدىن تېخىمۇ تولۇق. تامىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنى تاپقان كىشى گېرمانىيىلىك پروفېسسور ۋالىد بولۇپ، ئۇ بۇ خاتىرىنىڭ بىر قىسمىنى ساقلىغان.

تامىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە، ئۇنىڭ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختىگە بارغانلىقى ئېيتىلغان، بۇ زادى قايسى جاي؟ بۇ ھەقتىكى كەپلەر ئوخشاش ئەمەس. بارتولد بۇ پايتەختنى تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بېشبالىق ⑩ دەپ قارىغان، ماگات بولسا دەسلەپتە ئۇنى ئورخۇن ۋادىسىدىكى قارا بالغاسۇن بولسا كېرەك، دەپ قارىغان. يېقىنقى تەتقىقاتلار ماگاتنىڭ دەسلەپتىكى قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. مىنورىسكىنىڭ قارىشىچە، تامىمنىڭ ساياھىتى تەخمىنەن مىلادى 821 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

تامىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە، ئۆزىنىڭ موڭغۇل ياپيلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇنغا بارغان جەرياننى بايان قىلىنغان. لېكىن ئۇنىڭ قايەردىن يولغا چىققانلىقى ئېيتىلمىغان. ئۇ قاغاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەر قايسى ئۆتەڭلەر تەمىنلىگەن ئاتقا مىنىپ، ياپيلاقتا 20 كۈن يول يۈرگەن، ياپيلاقلاردا ئوتلاق ۋە بۇلاقلار بولسىمۇ، ئەمما مەھەللە - كەنتلەر، شەھەر - بازارلار بولمىغان. كېيىن ئۇ يەنە ئاھالىلەر قويۇق جايلاشقان رايونلاردا 20 كۈن يول يۈرۈپ ئاندىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختىگە يېتىپ بارغان. ئۇ يەرنىڭ ئاھالىلىرى ئاتەشپەرەسلەر ۋە مانى ئېتىقادچىلىرى ئىكەن. بۇ شەھەر ھەشەمەتلىك خان شەھىرى ۋە «12 چوڭ تۆمۈر دەرۋازا»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنىمۇ كۆرگەن. تامىمنىڭ تەسۋىرلىشىچە، بالغاسۇن شەھىرىنىڭ نوپۇسى كۆپ، ئاھالىسى زىچ، بازىرى ئاۋات، سودا ئىشلىرى گۈللەنگەن شەھەر ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شەھەرنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىدا «مەھەللە - كەنتلەر بىر - بىرىگە يېقىن ھەم زىچ جايلاشقان، يەنە ئېكىنزارلىقلارمۇ بار». قارابالغاسون ئەسلىدە «كاتتا شەھەر بولۇپ، دېھقانچىلىقى مول ئىدى». بۇ تەسۋىرلەر يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ئارقىلىق ئىسپاتلاندى.

تامىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسى — ئىبنى خورداد، كۇداما، مىسار قاتارلىق كىشىلەر ئاساسلانغان تارىخىي ماتېرىيال. ئەمدى بۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بولسا «ھۇدۇدۇلئالەم» ئاساسلانغان تارىخىي ماتېرىياللاردۇر.

مىسارنىڭ تولۇق ئىسمى — ئەبۇ دۇئاف مىسار ئىبنى مۇھەلھىل. بۇ ئادەمنى ھېنرى يۇلې تۈزگەن «قەدىمكى جۇڭگو ھەققىدە ئاڭلىغان - كۆرگەنلەرنىڭ خاتىرىسى» دېگەن كىتابنىڭ 1 - توم، 138 — 140 - بەتلىرىدە تونۇشتۇرغان. جاڭ شىڭلاڭ ئۇنى تەرجىمە قىلىپ «جۇڭگو - غەرب قاتناش تارىخى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 3 - قىسمىغا كىرگۈزگەن، مەزمۇنى «ئىبنى مەيخاخىر 宾伊麦哈黑尔 نىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، فېڭ چېڭجۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى مىسار (米撒尔) دەپ تەرجىمە قىلغان («غەربىي دىيار تارىخىغا دائىر تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» دىكى «ئەرەب مىسارنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە بايان قىلىنغان غەربىي رايوندىكى قەبىلىلەر» دېگەن ماقالىگە قارالسۇن). فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» (1 - قىسىم 62 - بەت) دا مۇخنى (慕黑尼) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. سېن - جۇڭمىيەن ئەپەندى بولسا ئۇنى ئىبنى موخاخىر (依宾墨哈黑尔) دەپ تەرجىمە

قىلغان («جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىگە دائىر تەكشۈرۈپ دەلىللەش» 2 - قىسىم «خاتا ئاتىلىپ كەلگەن جۇڭگونىڭ قەدىمكى خان شەھىرى ۋە ئۇنىڭ سۇ كۆچىدىن پايدىلانغانلىقى» دېگەن ماقالىگە قاراڭ). بۇ تەرجىمىلەر ئوخشاش بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئاسانلا ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىقىپ، بىر تۈت ئادەم بولسا كېرەك، دەپ قارىلىدىغانلىقى تۇرغان گەپ. خەنزۇچىدىكى بۇنداق قالايمىقانچىلىقلاردىن ئىلاج قىلىپ ساقلىنىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئىلاۋە: مۇھەممەد — ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى، مەن فېك چېڭجۇنىڭ ئادىتىلا شتۇرۇپ قىلغان تەرجىمىسى بويىچە مىسار دەپ قوللاندىم، بۇ بىزنىڭ ئېلىمىز ئادىتىگىمۇ ئۇيغۇن.

«قەدىمكى جۇڭگو ھەققىدە ئاڭلىغان - كۆرگەنلەرنىڭ خاتىرىسى» دېگەن ئەسەردە بايان قىلىنىشىچە، مىسار مىلادى 943 - يىلدىن سەل ئىلگىرى بۇخارادا سامانى خانلىقىنىڭ خانى ناسىرنىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. شۇ چاغلاردا، «جۇڭگو خانى قاراتېكىن ئىبنى ئوغۇل شاكىل» بۇخاراغا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ مەلىكىسىنى ناسىرنىڭ ئوغلى نۇخقا (كېيىن بۇ ئادەم خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان) ياتلىق قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە سامانى خاندانلىقىنىڭ مەلىكىسىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش تەلىپىنى قويۇش مەسىلىسى ئۈستىدە كېڭەشكەن. ناسىر ئۆز قىزىنى غەيرى دىندىكى ئەلگە ياتلىق قىلىشنى رەت قىلغان، لېكىن جۇڭگو مەلىكىسىنى كېلىن قىلىشقا ماقۇل بولغان. جۇڭگو ئەلچىلەر ئۆمىكى 941 - يىلى قايتقان، مىسار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەزكۇر ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن بىللە جۇڭگوغا بارغان. ئۇنىڭ خاتىرىسى ساقلىنىپ قالمىغان، ئەمما ئۇنىڭ بىر قىسمى ئەن. نادىم يازغان «پەن ئاچقۇچلىرى» (Fihist) غا نەقىل قىلىپ كىرگۈزۈلگەن. ياقۇت (? — 1220) بىلەن قەزۋىنى (1268 — 1269) بۇ ئىككى نەپەر ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسىمۇ مىسارنىڭ خاتىرىسىدىن نەقىل ئالغان (ماركۋارت ياقۇتنىڭ ئالغان نەقلى ساختا دەپ قارىغان). 1842 - يىلى گېرمانىيىلىك ۋىستىنفېرد ياقۇت بىلەن قەزۋىنىنىڭ ئەسىرىنى نېمىسچىگە تەرجىمە قىلغان. 1845 - يىلى، كۇرت فون شلوزېر يەنە بىر ئەرەبچە نۇسخىسىنى نەشىر قىلىپ، ئۇنىڭ لاتىنچە تەرجىمىسىنى قوشۇمچە بەرگەن. 1866 - يىلى، ھېنرى يۇلې بۇ لاتىنچە نۇسخىسىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ، «قەدىمكى جۇڭگو ھەققىدە ئاڭلىغان - كۆرگەنلەرنىڭ خاتىرىسى» دېگەن كىتابىغا كىرگۈزگەن. 1913 - يىلى فرانك ئەرەبچە نۇسخىسىنى بىۋاسىتە فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغان. شۇڭا يۇلېنىڭ تەرجىمىسى ۋە يۇلېنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن قايتا تەرجىمە

قىلىنغان جاڭ شىڭلاڭنىڭ تەرجىمىسى فرانكىنگىمدەك ئىشەنچلىك ئەمەس. 1903 ـ يىلى، ماركۋارت مىسارنىڭ خاتىرىسى ئۈستىدە بىر پارچە دەلىللەش ماقالىسى يازغان.

مىسارنىڭ ساياھەت خاتىرىسى جاڭ شىڭلاڭ بىلەن فېڭ چېڭجۈنلەرنىڭ كىتابىدا ئاز ـ تولا بولىناچقا، بۇ يەردە تەكرار بايان قىلمايمىز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىسار ماۋارائۇننەھردىن چىقىپ، شىنجاڭ ئارقىلىق تاكى شەندە بىر (شەندەن شەھرىنى دېمەكچى) گىچە يېتىپ بارغان. ئۇ بۇ پايتەختتە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ماۋارا ئۇننەھرگە قايتىپ كەتكەن. ناسىرنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىنغان جۇڭگو مەلىكىسى ناسىر ئۆلگەندىن كېيىن (ناسىر 943 ـ يىلى ئۆلگەن) ئاندىن بۇخاراغا يېتىپ بېرىپ، تەختكە ۋارىسلىق قىلغان سامانى خانى نۇخقا نىكاھلانغان. ماكۋارتنىڭ دەلىللىشىدىن قارىغاندا، شەندەبىرنى گەنسۇدا دېيىلگەن. يېقىن زاماندا ئۆتكەن سىين جۇڭمىيەن: مىسار دېگەن جۇڭگو ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ، كونكرېت ئېيتقاندا، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ پايتەختى شەندەبىر دېگىنى شەندەن (删丹) نى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ خانى قارا تېكىننىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى «شاگىل» دېگىنى «ئىزگىل»، دەپ قارىغان. بۇ سۆزگە ئىشىنىشكە بولىدۇ ⑫. بىراق، مىسارنىڭ بۇخارادىن چىقىپ جۇڭگوغا كەلگىچە بېسىپ ئۆتكەن يىللىرى تولىمۇ ئېنىقسىز، ئۇ بايان قىلغان قەبىلىلەرنىڭمۇ كۆپىنچىسى دەلىلسىز، شۇڭا كىشىلەر بۇ ساياھەت خاتىرىسىنى راست بىلەن يالغان ئارىلاش، يېرىمى گۇمانلىق، يېرىمى ئىشەنچلىك دەپ قارايدۇ.

مىنورسكى: مىسار تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن پايدىلانغان، دەيدۇ. «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ ئاپتورىمۇ ئۇنىڭدىن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا پايدىلانغان، ئەلۋەتتە. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، يەنە بىر ھېكايە بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىدۇ. بوسۋورسنىڭ بىر ماقالىسىدە، XI ئەسىردە ئۆتكەن ئەدىب ئەبۇل ھۇسەيىن ئەخمەت ئىبنى زۇبەيرنىڭ بىر رىۋايىتى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن: سامانى خاندانلىقى تەۋەسىدە نىشاپۇرلۇق بىر ئادەم بولغانىكەن، ئۇ ماتېرىيالىستىك بىدئەت تەلىماتىدا چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، دىنغا قارشى چىقتى دەپ ئەيىبلىنىپ زىندانغا تاشلانغانىكەن. بۇ ئادەم پۇرسەت تېپىپ جۇڭگوغا قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ پادىشاھقا: غەربتىكى ئىسلام دۆلەتلىرى ناھايىتى ئاجىز، كىچىككىنە بىر قوشۇن ئەۋەتىلسىلا ئۇلارنىڭ زېمىنى بىلەن ھوقۇقىنى تارتىۋالغىلى بولىدۇ، دەپتۇ. جۇڭگو پادىشاھى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىشىنىپتۇ. كېيىن مىلادى 939 ـ يىلى ماۋارائۇننەھرگە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپتۇ.

بۇ ئۆمەك تۆت نەپەر مەشھۇر جۇڭگو ئالىملىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، يەنە 40 نەپەر چەۋەنداز ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ناسىرغا جۇڭگو پادىشاھىنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ بېرىپتۇ، مەكتۇپتا سامانى خاندانلىقىنىڭ ئىلگىرى تاپشۇرماي زىممىسىدە قالغان 27 يىللىق ئولپاننى تولۇقلاپ تاپشۇرۇشى ھەمدە سامانى خاندانلىقى پۈتۈن دۆلىتى بويىچە جۇڭگو پادىشاھىنىڭ مېتروپوللۇقىنى ئېتىراپ قىلىشى تەلەپ قىلىنغان، ئەگەر سامانى خاندانلىقى بۇ تەلەپكە ماقۇل بولمىسا، جۇڭگو پادىشاھى ئەسكەر ئەۋەتىپ جازالايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغانىكەن. جۇڭگو ئەلچىلەر ئۆمىكى ئالدى بىلەن فەرغانىگە كەپتۇ. بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى مالىك ناسىرغا ئەۋەتىپ، ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنى مەلۇم قىپتۇ. سامانى خانى جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا ئۇ ئەلچىلەرنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىشنى، ھەر بىر كىشىگە مىنىدىغان يېڭى ئات يەڭگۈشلەپ بېرىشنى ھەمدە ھەر بىر ئەلچىگە مۇلازىمەت قىلىدىغان بىردىن قۇل بەلگىلەپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سامانى خانى يەنە فەرغانە، سۇترۇشنا، فاراب، ئىسپىجاب، تاشكەنت، سەمەرقەند قاتارلىق جايلارغا بارلىق مۇلتەزىم قوشۇن ۋە پىدائىي قوشۇنلارنى يىغىپ كۆرەك ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. يەنە فەرغانىدىن بۇخاراغىچە بولغان يول بويىدىكى شەھەر-بازارلارنىڭ ھەممىسى كوچىلارغا پانۇس ئېسىپ شەلپەر (پىلاكات) تارتىپ، داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. جۇڭگو ئەلچىلىرى پايتەخت بۇخاراغا يېتىپ كەلگەندە، بىر تەرەپتىن شەھەرنى خۇشاللىق كەيپىياتى قاپلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن قوراللىق قاراۋۇللار كۆچە يېتىلىپ، قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈلۈپتۇ. خاندانلىقنىڭ ھەربىي قوشۇنى سانغۇنلاردىن تارتىپ لەشكەرلەرگىچە ساۋۇت كىيىپ، قالقان ۋە گۇرزا ئومۇتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، سۈرلۈك قىياپەتكە كىرىشىپتۇ. قىسقىسى، ئەلچىلەردە بۇ خاندانلىق قۇدرەتلىك ھەم باياشات ئىكەن، دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىپتۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەلچىلەر ئۆز تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا زادىلا پېتىنالماپتۇ. ئۇلار ھەشەمەتلىك كۈتۈۋېلىنغاندىن كېيىن، يولغا چىقىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتىپتۇ. ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولۇپتۇكى، سامانى خاندانلىقى زېمىنىدا ساياھەت قىلغانىدا. مۇھاپىزەتچى خادىملارنى بىللە ئېلىپ يۈرۈش پۈتۈنلەي ھاجەتسىز ئىكەن. ئاپتور ئاخىرىدا مۇنداق دەپ يازغان: بۇ قېتىمقى ئەلچى ئەۋەتىشنىڭ نەتىجىسى جۇڭگو پادىشاھىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىدىن ئىبارەت بولغان [illegible] .

ئەبۇل ھۇسەين ئەخمەت ئىبنى زۇبەرنىڭ يۇقىرىدىكى بۇ ھېكايىسى مىسارنىڭ شەرققە ساياھەت قىلغان ۋاقتى بىلەن ناھايىتى يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى خاتىرىنىڭ ئوخشاش بىر ۋەقە ئىكەنلىكى ئېھتىمالىغا ناھايىتى يېقىن. بىراق، بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان جۇڭگو پادىشاھى جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىدىكى خەنزۇ خاندانلىقى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ چاغلاردا جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەردارلىرى تۇراتتى. ئۇ زامانلاردا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەردارلىرى ئۆزىنى جۇڭگونىڭ خانى دەپ ئاتاپلا قالماستىن، بەلكى غەربتىكى مۇسۇلمانلار دۇنياسىمۇ ئۇلارنى جۇڭگونىڭ خانى دەپ ئېتىراپ قىلاتتى. بوسۋورس مۇنداق دەيدۇ: جۇڭگونىڭ تەڭرىقۇتى ئۇزاقتىن بۇيان، تىيانشان ۋە پامىرنىڭ سىرتىدىكى جايلارنى جۇڭگونىڭ تەۋەسىدىكى جاي دەپ بىلەتتى. لېكىن گاۋشيەنجى تالاستا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو غەرب تەرەپتىكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا مادارى يەتمىگەن. تاڭ خاندانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، بەش دەۋردىكى بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنىڭ غەرب تەرەپكە تەھدىت سېلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ناسىر دەۋرىدە، سامانى خاندانلىقى كۈچىيىپ، ئۇنىڭ ھەيۋە-ئىناۋىتى شەرققە كېڭەيگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىدىكى مىللەتلەر سامانى خاندانلىقى بىلەن دىپلوماتىك ئالاقە قىلىشقان بولۇشى مۇمكىن.

ھەيلى تامىمنىڭ بولسۇن، ياكى مىسارنىڭ بولسۇن، ئۇلار ئۆز ساياھىتى ئارقىلىق شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنىڭ جۇغراپىيىسى ۋە مىللەتلىرىگە دائىر ئېلىپ كەلگەن بىلىملەردىن «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ ئاپتورى ئۇزۇندە ئېلىپ پايدىلانغان بولۇشى چوقۇم. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ ئاپتورنىڭ ئۆزى بىر سەيياھ ئەمەس. ئۇنىڭ كىتابىنىڭ كۆپ قىسىم باب-پاراگراپلىرى ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاساسەن يېزىلىپ چىققان. پەقەت 23-بابنىڭ 46 — 66-پاراگراپلىرىدىلا خۇشكەنت توغرىلىق سۆزلەنگەن، بۇ رايون ئاپتورنىڭ ئۆز يۇرتى بولۇپ، ئاپتور بۇ رايوننى بىۋاسىتە بىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ بىرىنچى قول ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا بىر مۇنچە باب-پاراگراپلىرىدا بايان قىلىنغان جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ توغرىلىقى، تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ ۋاقتى قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى مەسىلىلەر ساقلانغان، بۇ ھەقتە بىزنىڭ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ھۆكۈم قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

«ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇيەردىكى، بۇ كىتابتا ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ماتېرىياللار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئايرىلىپ بولغان

دۇنيانىڭ ھەر قايسى رايونلىرى بويىچە بايان قىلىنغان بولغاچقا، كىتابنى ئوقۇغاندا، كىشىنى ۋەقەلەرنىڭ بايانى راۋان، رايونلارنىڭ چېگرىسى ئېنىق ئىكەن، دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ. بولۇپمۇ تۈركىي مىللەتلەر توغرىسىدىكى بايانلار باشقا كىتابلاردا بولمىغاچقا، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلايدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى پايدىلانغان مىسالارنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى ۋەقەلەر كېيىنكى جىن (晋) سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى گاۋجۇخەينىڭ ئۇدۇنغا ئەلچى بولۇپ بارغان ۋاقتىغا يېقىن كېلىدۇ①؛ بۇ كىتابنىڭ يېزىلغان ۋاقتى بولسا، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى ۋاڭ يەندېنىڭ قوچوغا ئەلچى بولۇپ بارغان يىلى بىلەن ئوخشاش؛ ئۇلار خاتىرىلىگەن ئەھۋاللار ئوخشاش تارىخىي پاكىتنىڭ ئىنكاسى بولۇشى كېرەك. شەرق بىلەن غەربنىڭ ئوخشاش بولمىغان خاتىرىلىرىنى ئۆز ئارا دەلىللەپ، شۇ زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىنىڭ ھەقىقىي مەنزىرىسىنى قايتا نامايان قىلىش — بۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدىغان بىر تېما.

## (4)

«ھۇدۇدۇلئالەم» مىلادى X ئەسىردىكى مۇسۇلمان جۇغراپىيەشۇناسلىقىنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئاپتور فىتولمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ جۇغراپىيەۋى ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەبچە تەرجىمە نۇسخىسى ئارقىلىق كىلاسسىك جۇغراپىيەشۇناسلىققا ۋارىسلىق قىلغان. گەرچە ئۇ يەر شارىنىڭ قىسمەن رايونلىرى توغرىسىدىلا بىۋاستە بىلىمگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەر شارىنى بىر پۈتۈن شارجىسىم دەپ بىلگەن ھەمدە ئېكۋاتورنى بەلگۈچ سىزىق قىلىپ، يەر شارىنى شىمال ۋە جەنۇبقا ئايرىغان، مېرىدىئان ۋە پاراللېل گىرادۇسى بويىچە رايونلارنىڭ كەڭ-تارلىقى ۋە ئارىلىقلىرىنى بەلگىلىگەن. ئاپتور ئاددەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش، يەنىلا فىتولمىنىڭ يەر شارى مەركەز دېگەن تەلىماتىدىكى تونۇشتا بولۇپ، كوپېرنىكنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلغان قۇياش سىستېمىسى تەلىماتىدىكى تونۇش سەۋىيىسىگە تېخى يەتمىگەن. لېكىن ئاسمان يۇملاق، يەر چارسا دەيدىغان قاراشتىن زور بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاپتور بۇ كىتابتا بايان قىلغان رايون دائىرىسى كونا قۇرۇقلۇق بولۇپ، شەرقتە ئۇلۇغ ئوكياندىچە (ئۇنى «شەرقىي ئوكيان» دەپ

ئاتىغان)، غەربىي ئاتلانتىك ئوكيانىغىچە (ئۇنى «غەربىي ئوكيان» دەپ ئاتىغان)، جەنۇبىي ھىندى ئوكيانىغىچە (ئۇنى «چوڭ دېڭىز» دەپ ئاتىغان) باردۇ. ئارىلىقى ئوتتۇرا دېڭىز، قارا دېڭىز، كاسپىي دېڭىز ۋە ئارال دېڭىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەمئىي يەتتە چوڭ ئوكيان - دېڭىزدىن ئىبارەت. كېيىن تېپىلغان يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇق — جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى ھەمدە ئوكيانىيە قىتئەسىنى ئۇ چاغدىكى كىشىلەر تېخى بىلمەيتتى. كونا چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنى، ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى دېڭىز - ئوكيانلار ئايرىپ تۇرغانلىقتىن، قاتناش مۇمكىن ئەمەس دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا ئاپتور بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى باب 4 -پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «(شەرقىي دېڭىزدا) كېمە قاتنىيالمايدۇ. بۇ دېڭىزنى كېسىپ ئۆتكەن ئادەم يوق. بۇ دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىنىڭ ئەھۋالىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ ... كىشىلەر بۇ دېڭىزدىن كېمە بىلەن كېسىپ ئۆتۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرگەنلىكتىن، پەقەت ئولتۇراق رايونغا يېقىن بولغان دېڭىز تەۋەسىدىلا قاتنايدۇ.» بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئەسىردىن ئىلگىرى، دېڭىز - ئوكيانلاردا قاتناش ئەڭ قىيىن ئىدى ياكى قاتناش مۇمكىن ئەمەس دېيەرلىك ئىدى.

كونا قۇرۇقلۇقتىكى ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرى قۇرۇقلۇق ئارقىلىق بىر - بىرىگە تۇتاشقان. بۇدائىرە ئىچىدە، كونا تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپلا. شەرق بىلەن غەربنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايونلىرىدا، مەسىلەن جۇڭگونىڭ خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋارائۇننەھر (ترانسوكسيانا) رايونى، مېسوپوتامىيەنىڭ ئىككى دەريا ۋادىسى، مىسىرنىڭ نىل دەرياسى ۋادىسى ھەمدە ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا، بىر نەچچە ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەت مەركەزلىرى شەكىللەنگەن. ئىنسانىيەتنىڭ بىر قانچە مەدەنىيەت سىستېمىسى مۇشۇ بىر نەچچە رايوندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا راۋاجلانغان. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى، ئالماشتۇرۇش ۋە سودا ئىشلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، يۇقىرىقى ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ ئۆز ئارا باردى - كەلدى ئالاقىسىمۇ تەدرىجىي ئورنىتىلدى ۋە قانات يايدى. قەدىمكى زاماندا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرى شەرقتىكى جۇڭگودىن باشلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق غەربتىكى غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا دېڭىز، ياۋروپا ۋە ئافرىقىغا، جەنۇبتىكى ھىندىستانغا كېڭەيدى. ئوتتۇرا ئاسىيانى كېسىپ ئۆتكەن بۇ قەدىمكى سودا يولىنى كىشىلەر «يىپەك يولى» دەپ ئاتاشتى. «يىپەك يولى» شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي ئالاقىنى تۇتاشتۇرۇش رولىنى ئويناپلا قالماي، يەنە مەدە-

نىيەت تارقىتىش رولىنى ئويناپ، ئىنسانلارنىڭ جۇغراپىيەۋى بىلىملىرىنى كېڭەيتتى. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە شۇنچىۋالا رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ مۇمكىن بولغانلىقىنى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئارقىلىق توپلانغان جۇغراپىيەۋى بىلىملەردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

«ھۇدۇدۇلئالەم» ئەسلىدە بىر خەرىتە ئۈچۈن يېزىلغان كىرىش سۆز ياكى چۈشەندۈرۈش بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇنداق بولغان: ئاۋۋال ئاپتور ئۆزى بىلىدىغان دۇنيانىڭ رايونلارغا بۆلۈنۈشى، دېڭىز-ئوكيانلار، ئاراللار، تاغ تىزمىلىرى، دەريالار ۋە قۇملۇقلار ئۈستىدە ئومۇمىي بايان بەرگەن؛ ئاندىن دۇنيانى دۆلەت ۋە رايونلار بويىچە ئايرىم - ئايرىم بايان قىلغان. ئۇنىڭ بايان قىلىش تەرتىپى شەرقتىن باشلاپ غەربكە ئۆتكەن. 9 - بابتىن 11 - بابقىچە جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ۋە تىبەت سۆزلەنگەن؛ 12 - بابتىن 17 - بابقىچە شەرقىي جەنۇبتىكى تۈركىي قەبىلىلەر (توققۇز ئوغۇز، ياغما، قىرغىز، قارلۇق، چىگىل، تۈركەش) سۆزلەنگەن؛ 18 - بابتىن 22 - بابقىچە غەربىي شىمالدىكى تۈركىي قەبىلىلەر قىيماق ؟، غۇز، پەچەنەك، قىپچاق، ماجغال (؟) سۆزلەنگەن؛ 23 - بابتىن 26 - بابقىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋارا ئۇننەھر، خوراسان ۋە ئۇنىڭ چېگرا رايونلىرى سۆزلەنگەن؛ كېيىنكى بابلاردا ھىندىستان (سىندۇ)، ئىراننىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرى، ئىراق، ئەزەربەيجان، ئەرمىنىيە، ئەرەب، سۈرىيە، شىمالىي ئافرىقا، ئىسپانىيە، ۋىزانتىيە، ئاندىن قايتىپ كېلىپ روسىيە ۋە روسىيە دائىرىسىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر (پەچەنەك، قاسار قاتارلىق) سۆزلەنگەن؛ ئاخىرىدا شەرقىي ئافرىقا، سۇدان قاتارلىق جايلار سۆزلەنگەن. بايان قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق بولغان: ئالدى بىلەن بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ تۆت تەرەپتىكى چېگرىسى ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بايان قىلىنغان، ئاندىن بۇ دۆلەت ياكى رايوننىڭ ھەر قايسى شەھەر - بازارلىرى، ئۆلكە، ۋىلايەتلىرىنىڭ يەر شارائىتى، مىللىتى، ماددىي مەھسۇلاتلىرى، مەنزىرىلىرى، ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالى سۆزلەنگەن بابلارنىڭ باشقا بابلاردىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، بۇ تۈركىي قەبىلىلەر دائىم دېگۈدەك كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، مۇقىم بىر جايدا تۇرمايدۇ. ھەر قايسى تۈركىي قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سىزىقىنى مۇقىم ئايرىش تەس، ئۇلارنىڭ تارقالغان رايونلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇنى باشقا بابلارغا ئوخشاش بىر مۇقىم چېگرالىق دۆلەت سۈپىتىدە تېما قويماي، بىر قوۋم خەلقنى تېما قىلىپ، بۇ قوۋمنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان. بولۇپمۇ شەرقىي جەنۇبتىكى تۈركىي قەبىلىلەر ئەسلى جۇڭگو

تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر بولۇپ، ئۇلار بېشبالىق، ئەنىشى تۆت ھەربىي كەنتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلار جۇڭگو پۇقراسى ئىدى. ئۇلارنى بىر دۆلەت سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇ مۇناسىۋەت سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، غەربتىكى ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرىنىڭ مەخسۇس تۈركىي قەبىلىلەر بايان قىلىنغان ئەسەرلىرى يوق دېيەرلىك. بارتولد مۇنداق دېگەن: «(ھۇدۇلئالەم») دىن ئىبارەت ئىنتايىن قىزىقارلىق بۇ ئەسەر ... نىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ئەرەب جۇغراپىيەۋى ئەسەرلىرىگە قارىغاندا، بۇ ئەسەردە تۈركلەرنىڭ زېمىنى تەپسىلىي سۆزلەنگەن ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەيرى مۇسۇلمان رايونلىرى ئومۇمىي يوسۇندا بايان قىلىنغان.»[15] بۇمۇ دەل بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيەت بېرىۋاتقان تەرىپىمىز.

«ھۇدۇدۇلئالەم» پارسچە يېزىلغان جۇغراپىيەۋى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا قوللىنىلغان يەر ناملىرى پۈتۈنلەي ئىران تىلى (ياكى سوغد تىلى). شۇڭا ئۇنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇ تىلى ياكى باشقا تىللاردىكى يەر ناملىرى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. مەسىلەن چاڭئەن ئايمىقىنى خومدان دەپ ئاتىغان. قوچونى جۇڭگو شەھىرى (chinanjkant) دەپ ئاتىغان، سىچۈەننىڭ چوڭچىڭ شەھىرىنى (ئېيتىشلارغا قارىغاندا) [16] باغشۇر (Baghhsur) دەپ ئاتىغان، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ يەكەن دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ ئىران تىلىدا ئاتىلىدىغان ناملىرى بولغان (ئىران تىلىدا دەريا ghun غۇن دەپ ئاتىلىدۇ) ۋە باشقىلار، بۇنى تەپسىلىي ئېيتىپ ئولتۇرمايمىز. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەڭ دەسلەپتە ئىرانلار ئولتۇراقلاشقان جاي بولغاچقا، ئىران تىلىدىكى يەر ناملىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. لېكىن جۇڭگو زېمىنى ئىچىدىكى بەزى جايلارنىڭ ئىران تىلى (ياكى سوغد تىلى) بىلەن ئاتىلىدىغان نامى بولغانلىقى قەدىم زاماندا يىپەك يولىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ۋە سوغدلارنىڭ تىجارەت قىلىش ياكى ئائىلە كۆچۈرۈش پائالىيەت دائىرىسىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن ئۆز ئارا ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

مەسىلەن «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. جۇغراپىيىلىك تەپسىرات» تا جىيادەننىڭ «ناھىيە ۋە يېزا - كەنتلەر تەزكىرىسى» دىن نەقىل ئېلىپ لوپنۇر كۆلى (蒲昌海) نىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدىكى جايلارنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېيىلگەن: «يەنە بىر يول شاجۇ ئايمىقىنىڭ شۇچاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدىن باشلىنىپ 10 چاقىرىم ماڭغاندا ياڭگۈەن قوۋۇقىدىكى قەدىمىي شەھەر

گە باردۇ، يەنە غەربتە لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى مىلك چاقىرىم يەرگىچە باردۇ، لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنىڭ غەربىدە چىتۇنچىڭ 七屯城 شەھىرى بار، بۇ شەھەر خەن دەۋرىدىكى يىشۇن 伊循 (مىران) شەھىرىدۇر. يەنە ئۇنىڭ غەربىدىن 80 چاقىرىم يىراقلىقتا شىچىڭ 石城 شەھىرى بار، بۇ شەھەر خەن دەۋرىدىكى لۇلەن (كروران 楼兰) دۆلىتىدۇر. يەنە شەنشەن 鄯善 (پىشامشان) دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر بار، بۇ شەھەر لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن 300 چاقىرىم يىراق جايدا. كاڭ يەندىيەن باسقاق مۇشاۋۇر بولۇپ غەربىي رايونغا كەلگەن. يەنە غەربتە 200 چاقىرىم يىراقلىقتا يېڭىشەھەر (新城) بار، بۇ شەھەر يەنە نۇجژچىڭ 弩支城 (Navijkant ۋاش شەھىرى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇنى كاڭ يەندىيەن سالدۇرغان. يەنە ئۇنىڭ غەربىدە تېلېجىن 特勒井 ئارقىلىق چەرچەن دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، 500 چاقىرىم يىراقلىقتا بوشيەنجېن (播仙镇) دېگەن شەھەر بار، بۇ شەھەر قەدىمكى چەمۇ 且末 (چەرچەن) شەھىرىدۇر، بۇ نام گاۋزۇڭ پادىشاھنىڭ شاڭيۈەن يىللىرى ئۆزگەرتىلگەن». ئىلاۋە: كاڭ يەندىيەن سەمەرقەندلىك ئادەم. بۇ يەردە ئېيتىلغان يېڭى شەھەر ماۋارائۇننەھردىن كەلگەن سوغدلار تۇرۇشلۇق رايون ئىدى.

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تاڭ سۇلالىسى گۇاڭچىمىنىڭ تۇنجى يىلى يېزىلغان «شاجۇ، ئىبۇرغول تەزكىرىسى» نىڭ كەمتۈك جىلدىدىمۇ مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «شىچىڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدە 1500 چاقىرىم يىراقتا شاجۇ ئايمىقى بار، پايتەخت بىلەن بولغان ئارىلىقى 6100 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ شەھەر ئەسلى خەن دەۋرىدىكى كروران دۆلىتى ئىدى ... سۈي دەۋرىدە پىشامشان ھەربىي كەنتى تەسىس قىلىندى. سۈي سۇلالىسى پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالغاندا، ئۇ ھەربىي كەنت ئەمەلدىن قالدى. جېنگۇەن يىللىرى، سەمەرقەند دۆلىتىنىڭ كاتتا سەردارى كاڭ يەندىيەن شەرققە كېلىپ مۇشۇ شەھەردە تۇرغان، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ غۇزلارمۇ كەلگەن، بۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، يەنخىچىڭ رچارقىلىق، دەپمۇ ئاتالغان». يەنە «يېڭى شەھەر (شەرقتىكى كروران شەھىرىگە 240 چاقىرىم كېلىدۇ، بۇ، كاڭ يەندىيەن تۇرغان پىشامشان شەھىرى، ئۇ ئاۋۋال مۇشۇ شەھەرنى بىنا قىلغان، شۇڭا يېڭى شەھەر دەپ ئاتالغان). خەن دەۋرىدە نۇجژچىڭ — نەۋجىكەنت يەنى ۋاش شەھىرى دەپ ئاتالغان)، پۇتاۋچىڭ (蒲桃城 يەنى ئۈزۈم شەھىرى— Koyumal، جەنۇبتىكى كروران شەھىرىگە تۆت چاقىرىم كېلىدۇ، بۇ شەھەرنى كاڭ يەندىيەن بىنا قىلغان، بۇ شەھەردە ئۈزۈم كۆپ تېرىلغاچقا، ئۈزۈم شەھىرى دەپ ئاتالغان. سابىچىڭ (萨毗城 يەنى savinK شەھىرى، غەربىي شىمال تەرەپتىكى كروران شەھىرىگە 480

چاقىردىم كېلىدۇ، بۇ شەھەرنى كاڭ يەندىيەن بىنا قىلغان. بۇ شەھەر سابىز تېغىغا يېقىن بولۇپ، بۇتاغ خەتەرلىك. توبۇتلار بىلەن تۈيغۇنلار ھەمىشە ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرىدۇ) قاتارلىق شەھەرلەر بار.» (بۇ خاتىرە دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيدىن چىققان بەش دەۋردىكى كېيىنكى جىن سۇلالىسى تيەنفۇ يىلىنامىسىنىڭ 10 - يىلى يېزىلغان «شۇچاڭ ناھىيىسى جۇغراپىيىسى» دىكى خاتىرە بىلەن بىرئاز ئوخشاپ كېتىدۇ).

يۇقىرىقى خاتىرە بىلەن «ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى بايانلار تامامەن ئوخشاش. بۇ كىتابنىڭ 9 - باب 22 - پاراگىراپىدا تىلغا ئېلىنغان Navjikant (نەۋجىكەنت) ئىران تىلى (سوغدا تىلى) دىكى «يېڭى شەھەر» دېگەنلىكتۇر. مىنورىسكى Burkhimu بىلەن Navjikant دېگەن بۇ ئىككى جاي جۇڭگونىڭ سوغد پۇقرالىرى ئولتۇراقلاشقان نۇقتىلار، دەپ قارىغان. چۈنكى مىلادى VII ئەسىرنىڭ 25 - يىلىدىن كېيىن، كىروران رايونىدا سوغدلار ئولتۇراقلاشقان بىر رايون بارلىققا كېلىپ، ديەنخېچېڭ (چارقىلىق) دەپ ئاتالغان. مىلادى 675 - يىلى، ئۇ جاي شاجۇ ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن [17]. ئەينى شۇ ئاپتور يەنە 20-، 21 - پاراگىراپتا تىلغا ئېلىنغان kutm بىلەن Savnik نىمۇ لوپنۇر رايونىدىكى جايلار، دەپ قارىغان. مەن Navjikan$_t$ نى كاڭ يەندىيەن بىنا قىلغان «يېڭى شەھەر» — سوغدلارنىڭ ئاھالە نۇقتىسى دەپ قارايمەن.

يەنە مەسىلەن، 12 - بابنىڭ 7 - پاراگىراپىدا، «بېك. تېل كەنتى سوغدلار ئولتۇراقلاشقان بەش كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. شۇ بابنىڭ 2 - پاراگىراپىدا، «T. fqan (تۇرپان ؟) تېغىنىڭ ئارقىسىدا بەش كەنت بار» دېيىلگەن، كەنت نامىرىنىڭ ھەممىسى سوغد تىلىغا ئوخشايدۇ. يەنە «توققۇز ئوغۇز خانى ياز كۈنلىرى (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى panjikent — پەنجەكەنتتە تۇرىدۇ» دېيىلگەن. مىنورىسكى: بۇ بەش كەنت بېشبالىق (بالىق — تۈركى سۆز بولۇپ، شەھەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ [18]) نى كۆرسىتىش كېرەك) دېگەن. تامىم بىلەن ۋاڭ يەندې ھەر ئىككىسى شۇ جايلارغا بارغان. ۋاڭ يەندې قوچوغا بارغاندا، ئارسلانخان بەشبالىقتا سالقىنداپ دەم ئېلىۋاتقان ئىكەن.

يەنە 17 - بابنىڭ 3 - پاراگىراپىدا، «Beglighِ (بەگلىكنىڭ پۇقرالىرى) تۇرىدىغان بىر چوڭ كەنت بولۇپ، سوغد تىلىدا S.m.Kant دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن. مىنورىسكى: تاغ كەنتىنىڭ يەنە بىر سوغدچە نامى بار، بۇ ئۇ يەردە سوغدلارنىڭ بىر ئاھالە نۇقتىسى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ [19] دەپ قارىغان.

يەنە 26 - بابنىڭ 18 - پاراگراپىدا Samarkand دىگەن بىر چوڭ كەنت تىلغا ئېلىنغان. مىنورىسكى: بۇ كەنتنىڭ ئورنى موڭغۇل يىپىرىنىڭ غەربىي قىسمىدا، بىشبالىقتىن يەتتە كۈنلۈك يىراقلىقتا، دەپ قارىغان. بارتولد: بۇ، موڭغۇل يىپىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىمۇ سوغدلارنىڭ بىر ئاھالە نۇقتىسى بارلىقىنى، شۇنداقلا ئۇ جاينىڭ سودا جەھەتتىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارىغان. بىراق بۇ كەنت ۋاخان رايونىدا بولۇشىمۇ ئېھتىمال[20].

«ھۇدۇدۇلئالەم» دە بايان قىلىنغان جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا كەلسەك، بۇنى ئاپتور پۇتۇنلەي ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ خاتىرىلىرى ياكى سوغد سودىگەرلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن يېزىپ چىققان، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسى مەسئۇد ئۆزىنىڭ بەلختە بىر بوۋاينى ئۇچراتقانلىقىنى، ئۇ كىشىنىڭ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق جۇڭگوغا بىر نەچچە قېتىم ساياھەت قىلىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇ يەنە خوراساندىمۇ باشقا ئادەملەرنىڭ سوغدا رايونى ئارقىلىق تۇرپانغا ۋە جۇڭگوغا بارغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىنغان. قەدىم زاماندا، ماۋارائۇننەھردىن جۇڭگوغا بارىدىغان يولنى بويلاپ ھەممىلا يەردە سوغد سودىگەرلىرىنىڭ ئاياغ ئىزى ۋە ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايلىرى بولغان، ئۇلارنىڭ يول بويىدىكى ھەممە جايلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگەللىشى شۈبھىسىز. مىنورىسكى مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگونىڭ بەزى شەھەر - بازارلىرىنىڭ ئىران تىلى (سوغد تىلى) بىلەن ئاتىلىدىغان باشقا ناملىرى، كېيىنكى چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ جۇڭگو توغرىسىدىكى بىلىملىرىگە ئېرىشىشتىكى يولى بولۇپ قالغان»[21]. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە جۇڭگونى «چىنىستان» (Chinistan) دەپ، ھىندىستاننى «Hindustan» دەپ، چاڭئەن (شىئەن) نى «Khumdan» (خۇمدان) دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ كىتابنىڭ 9 - باب 4 - پاراگراپىدىكى «Baghshur» (باغشۇر)، 5 - پاراگراپىدىكى «Kuchan» (كۇچان) دىگەن جايلارنى مىنورىسكى: ئايرىم - ئايرىم ھالدا چۇڭچىڭ بىلەن لەنجۇنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىغان. ئىزاھ: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغد سودىگەرلىرىنىڭ ئاياغ ئىزى چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىلىرىغا يېتىپ بارغان. بۇ قەدىم زامانىدىكى جۇڭگونىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ۋە يىپەك يولىغا دائىر قىزىقارلىق ماتېرىياللاردۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە يەنە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم شەھەر - بازارلار بار. مەسىلەن: ب. لۇرى — B.luri (چوڭ بولور يەنى بالتىستان — Baltistan، 11 - باب 2 - پاراگراپىدا

قارالسۇن) «تۇبۇتلارنىڭ بىر رايونى، بولور بىلەن چېگرىداش. خەلقلىرى ئاسان سودىگەرلەر.» Kimnkant (15 - باب 9 - پاراگراپتا «چوڭ كەنت، سودىگەرلەر ھەر قايسى جايلاردىن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.» ئىسپەنجاپ (25 - باب 84 - پاراگراپتا قارالسۇن) «مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى دىندىكىلەرنىڭ چېگرىسىدىكى بىر رايون. تۈركىستاننىڭ ھەر قانداق جايىدىن چىققىدىغان مەھسۇلاتلار بۇ يەرگە توشۇپ كېلىنىدۇ. بۇ يەردە پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن نۇرغۇن سودىگەرلەر ئولتۇراقلاشقان.» گورگانچ (26 - باب 25 - پاراپاگراپتا) «بۇ شەھەر ناھايىتى باياشات بولۇپ، تۈركىستانغا ئۆتىدىغان مۇھىم ئېغىز ۋە سودىگەرلەر دائىم بارىدىغان جاي.» كات — kath (26 - باب 22 - پاراگراپتا) «تۈركلەر، تۈركىستان، ماۋارائۇننەھىر ۋە قاسارلارنىڭ سودا مەركىزى، سودىگەرلەر دائىم بارىدىغان جاي.» سابران — Sabran (25 - باب 90 - پاراگراپتا) «غۇزلار دائىم بارىدىغان جاي.» فاراب (25 - باب 88 - پاراگراپتا) «سودىگەرلەر دائىم بارىدىغان جاي.» فەرغانە (25 - باب 45 - پاراگراپتا) «تۈركىستانغا ئۆتىدىغان مۇھىم ئېغىز، نۇرغۇنلىغان تۈرك قۇللار بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنىپ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە سېتىپ بېرىلىدۇ.» بەدەخشان (24 - باب 24 - پاراگراپتا) «سودىگەرلەر دائىم بارىدىغان جاي.» غەزنى (24 - باب 19 - پاراگراپتا) «سودىگەرلەر دائىم بارىدىغان جاي، نۇرغۇن بايلىقى بار.» بۇست (24 - باب 9 - پاراگراپتا) «ھىندىستانغا ئۆتىدىغان مۇھىم ئېغىز، سودىگەرلەر دائىم بارىدىغان جاي.» بەلخ (23 - باب 67 - پاراگراپتا) «سودىگەرلەر دائىم بارىدىغان جاي، ناھايىتى ئاۋات، ھىندىستاننىڭ سودا مەركىزى.» ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە نىشاپۇر، ھىرات، قەندەھار قاتارلىق جايلارمۇ مۇھىم سودا مەركەزلىرى. مانا بۇ سودا شەھەر - بازارلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب تەرەپلەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى يىپەك يولىغا ئايلاندۇرغان تۈگۈنلەردۇر.

قەدىم زاماندا ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سودىگەرلەر شەرق ۋە غەربنىڭ سودا يولىدا قاتناپ، جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرىنى توشۇپ سېتىش بىلەن بىللە، ھەر قايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى راۋاجلاندۇرغانىدى. ئۇلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇراتتى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەھسۇلاتلىرى شۇ جايلارنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىگىلىكى، تۈرلۈك كان مەھسۇلاتلىرى ۋە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى

بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. «ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئاساسلىقى تۆرلۈك ئاشلىقلار (چىقىدىغان جايى ئانداراب، داغىستان، گارچىستان، نىسا، توخارىستان)، پاختا (چىقىدىغان جايى نىشاپۇر، مېرۋى)، تۆرلۈك مېۋىلەر (چىقىدىغان يېرى بۇخارا، توخارىستان)؛ چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن ئات (چىقىدىغان يېرى ساغانىيان، چىگىل قەبىلىسى، غۇز قەبىلىسى، خۇشكەنت، قارلۇق قەبىلىسى، قىرغىز قەبىلىسى، خوتىل، تۈبۈت، تۈركەش قەبىلىسى، توققۇز ئوغۇز قەبىلىسى، توخارىستان، ياغما قەبىلىسى)، كالا (چىقىدىغان يېرى تۈبۈت، خۇشكەنت، قاسار قەبىلىسى، چىگىل قەبىلىسى، غۇز قەبىلىسى، قىرغىز قەبىلىسى، توققۇز ئوغۇز قەبىلىسى)، قوي (چىقىدىغان يېرى خۇشكەنت، ئىسپىجاپ، چىگىل قەبىلىسى، غۇز قەبىلىسى، قارلۇق قەبىلىسى، قاسار قەبىلىسى، پەچەنەك قەبىلىسى، قىرغىز قەبىلىسى، قىپچاق؟ قەبىلىسى، توققۇز ئوغۇز قەبىلىسى، تۈركەش قەبىلىسى، ياغما قەبىلىسى، توخارىستان)، ئۆشكە (چىقىدىغان يېرى كېش — ھازىرقى شەھرى سەبز)؛ ئوۋچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئوۋ قىلىپ ئېلىنغان تۆرلۈك نەرسىلەر (مەسىلەن غۇز قەبىلىسى، ياغما قەبىلىسىنىڭ ئوۋچىلىق مەھسۇلاتلىرى)، بۇغا (چىقىدىغان يېرى تيانشاننىڭ ئوتتۇرا قىسمى)، ئىپار كىيىك (چىقىدىغان يېرى تۈبۈت، شاجۇ)، بۇلغۇن (چىقىدىغان يېرى تۈبۈت)، قارا تۈلكە (چىقىدىغان يېرى تۈبۈت، توققۇز ئوغۇز قەبىلىسى)، قىزغۇچ تۈلكە ۋە ئالا تۈلكە (چىقىدىغان يېرى توققۇز ئوغۇز قەبىلىسى)، تىيىن (چىقىدىغان يېرى تۈبۈت)؛ كان مەھسۇلاتلىرىدىن ئالتۇن (ئاخشى، بەدەخشان، فەرغانە، خوتىل)، كۈمۈش (ئاخشى، ئانداراب، خۇشكەنت، خوراسان، خوتىل، پەنجشىر)، مىس (فەرغانە، خۇشكەنت)، تۆمۈر (خۇشكەنت، سۇترۇشنا)، قوغۇشۇن (فەرغانە، خۇشكەنت، ماۋارائۇننەھر)، نۆشۈدۈر (بۇ تامەن؟ فەرغانە، ماۋارائۇننەھر)، گۈڭگۈرت (ماۋارائۇننەھر)، سىماب (فەرغانە)، زەمچە (خۇشكەنت، ماۋارائۇننەھر)، دىڭزىيا (فەرغانە)، قىزىل تۇز (كېش)، ياقۇت (بەدەخشان)، كۆكتاش؟ (بەدەخشان) قاتارلىقلار بار.

قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن پاختا توقۇلمىلار (خوراسان، نىشاپۇر، ھېرات، كات)، يۇڭ توقۇلمىلار (ساغانىيان، خوراسان)، كىگىز (خۇشكەنت، ئىسپىجاب، كات، تالىكان)، گىلەم (ئامول)، پالاز (ساغانىيان، خۇشكەنت)، چىگە (سەمەرقەند)، كىگىز ئۆي (تۈركەش قەبىلىسى)، خام يىپەك (خۇشكەنت، مېرۋى)، يەلپۈگۈچ (تېرمىز) قاتارلىقلار بار؛ دورا — دەرمانلار (فەرغانە، خوراسان، كېش، ماۋارائۇننەھر)، ئىپار (قىرغىز، تۈبۈت، توققۇز ئوغۇز، تۈركەش

قەبىلىلىرى)، قورال ـ ياراق ۋە ساۋۇت ـ دۇبۇلغا (گۇر)، ئۇقيا (تاشكەنت)، سوپۇن (بۇست، تېرمىز) قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئادەملىرى ھەممىشە قۇل قىلىپ سېتىلىپ، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىگە ئېلىپ كېتىلەتتى. قۇل ئېكسپورت قىلىپ ساتىدىغان قەبىلىلەر ئالان، قاسار، پەچەنەك قەبىلىلىرى بولۇپ، فەرغانە، گۇر قاتارلىق رايونلارغا ئېكسپورت قىلىناتتى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى — ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەغەز ئىشلەپچىقىرىشى. «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ 25 ـ باب 13 ـ پاراگرافىدا «سەمەرقەندتە قەغەز ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغا ئېكسپورت قىلىنىدۇ» دەپ ئېنىق يېزىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەغەز ئىشلەپچىقىرىشىنى بىلىۋېلىشىدىكى تۆھپە جۇڭگولۇقلارنىڭ تەسىرىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. بۇ نۇقتا ئەرەب يازغۇچىسى ماۋاچىنىڭ ئەسىرىدىمۇ بايان قىلىنغان. بۇ يازغۇچى مۇنداق دەيدۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سەمەرقەند رايونى ئەسلى جۇڭگوغا تەۋە يەرلەر ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۇنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆپى كېتىپ قالغان. پەقەت سېپتا قەغەز ياساش تېخنىكىسىلا سەمەرقەندتە قېپقالغان[22]. باشقا يازغۇچىلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەغەز ياساشنى ئۆگىنىۋېلىشى مىلادى 751 ـ يىلدىكى تالاس جېڭىدىن كېيىن بولغان، دېيىشىدۇ. مەسىلەن بارتولد مۇنداق دەپ قارىغان: «جۇڭگولۇقلار 751 ـ يىلدىكى جەڭدە ئەسىرگە ئېلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغان. ئۇلار سەمەرقەند ئاھالىلىرىگە لاتا پۇرۇچلىرىدىن قەغەز ياساشنى ئۆگىتىپ قويغان. بۇنداق قەغەز ياساش ئۇسۇلى سەمەرقەندتىن تېزلا غەربكە تارالغان ھەمدە قوي تېرىسىدىن ياسالغان قەغەز ۋە مىسىرنىڭ سامان قەغىزىنى بازاردىن چىقارغان»[23]. كاتېمۇ مۇنداق دېگەن: «VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سەمەرقەندتە ئولتۇراقلاشقان ئەرەبلەر ئەسىرگە چۈشكەن جۇڭگولۇقلاردىن قەغەز ياساشنىڭ سىرىنى بىلىۋالغان. XII ۋە XIII ئەسىرلەردە، مورولار ئۇنى يەنە ئىسپانىيە ئىستېلاچىلىرىغا تارقاتقان»[24]. يەنە بىر جايدا ئۇ تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ: زىياد جەڭدە ئەسىر ئالغان جۇڭگولۇقلار ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا قەغەز ياساشنى ئۆگىتىپ قويغان[25] دەيدۇ. يېقىن زاماندىكى كىشىلەردىن بەي شۇيى، ياۋشىئاۋلارمۇ بۇ پاكىتنى تىلغا ئالغان[26].

خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، بەش دەۋردە غەربىي رايوندىن جۇڭگوغا ئەۋەتىلگەن تارتۇقلار ئاساسلىقى: نۆشۈدۈر، بۆكەن مۈڭگۈزى، پېرسىيە كىمخابى، كۇچا ماتېرى، زەمچە، دانىكا، چەكمەن، قاشتېشى، كەھرىۋا، قوتاز قۇيرۇقى، بۇلغۇن ـ تىيىن تېرىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت[27]. بۇلار بىزگە

بىر تەرەپتىن قەدىم زاماندىكى يىپەك يولىدا ئېلىپ بېرىلغان سودىدىكى ئاساسلىق بۇيۇملاردىن مەلۇمات بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بىراق، ئەينى زاماندىكى سودىنىڭ كۆپ قىسمى، ئېھتىمال، قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈش، تاۋارلارنى مۇساپىلەرگە بۆلۈپ توشۇش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى مۇمكىن. پۈتۈن مۇساپىنى بىر يولىلا بېسىپ ئۆتكەن كارۋانلارنىڭ كۆپ بولۇشى ناتايىن. شۇڭا، يىپەك يولىنىڭ ئىككى بېشىدىكى خەلقلەر بىر - بىرىنى ئانچە بىلىشىپ كەتمىگەن. ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرى جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيتتى، ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال قىسمى ۋە جۇڭگوغا بارىدىغان يوللار توغرىسىدىكى بايانلىرى ھەممىسى دېگۈدەك مۇجمەل. ئىبنى خورداذبىخ خاتىرىلىگەن يوللار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختىگىچىلا كېلىپ توختىغان. قۇداما پەقەت خۇمدان، قەشقەرنىلا تىلغا ئالغان؛ شۇڭا، يۇقىرىقى تارىخ ماتېرىياللىرىنى مۇھىم ئاساس قىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» دە پەقەت گەنسۇ رايونىلا كۆپرەك بايان قىلىنىپ، گەنسۇنىڭ شەرقىدىكى جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا گويا ھېچنېمە دېيىلمىگەنلىكى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. بىراق ئۇنىڭ بايانلىرىدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىن بۇيانقى جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ئاز - تولا بولسىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

(5)

تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا قەدىم زاماندا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ قۇدرەتلىك، مەدەنىيىتى ئەڭ تەرەققىي قىلغان چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. جۇغراپىيىلىك تەپسىرات» تا مۇنداق دېيىلگەن: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى كەييۈەن يىلنامىسىنىڭ تيەنباۋ يىللىرى ئىدى، زېمىن دائىرىسى شەرقتە ئەندۇڭغىچە (لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغىچە - ت)، غەربتە ئەنشىگىچە (كۇچا، قەشقەر، خوتەن، سۇيئاب تۆت ھەربىي كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايون - ت)، جەنۇبتا رىنەنگىچە (ھازىرقى ۋيېتنامنىڭ گۇاڭجى ئۆلكىسى دائىرىسىدە - ت)، شىمالدا خۇن تەگىرىقۇت مەھكىمىسىگىچە باراتتى. جەنۇب ۋە شىمالدا خەنزۇلار شۇنداق قۇدرەت تاپقان ئىدىكى، شەرق

ۋە غەربتىكى ئەللەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى». بۇ سۆزدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى ئەھۋال توغرا يەكۈنلەنگەن.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشتىن زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى ئايرىشتا، VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئۆڭلۈگ - سۆيگۈن توپىلىڭىنى بۆلگۈچ سىزىق قىلىشقا بولىدۇ. بۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشتىمۇ ئەكس ئەتكەن. بىر قانچە زور تارىخىي پاكىتلار ۋەزىيەتتىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسىي ئالامەتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىر تەرەپتىن، ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىردى. مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە، ئەرەبلەرنىڭ «ئەرەب شەرقىي يول ئەمىر لەشكىرى» قۇتايبە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋارائۇننەھر رايونىنى سىستېمىلىق تۈردە بويسۇندۇردى، يەرلىك شەھەر بەگلىكلىرى سىرتتىن تۈركەشلەرنىڭ ياردىمى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تاقابىل تۇرالمىدى. ئاخىرى 751 - يىلى تالاس جېڭىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئەرەبلەر تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىن چېكىنىپ چىقتى، ماۋارائۇننەھر رايونىنى خەلىپە ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋېلىندى.

يەنە بىر تەرەپتىن، تۈبۈتلار باش كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە كېڭىيىشكە باشلىدى. مىلادى VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىلا تۈبۈتلارنىڭ كۈچى غەربىي رايونغا كېڭىيىپ كىرىشكە باشلىغانىدى. 665 - يىلى سۇلى بىلەن ئالمالىق؟ تۈبۈتلارنى ئۇدۇنغا باشلاپ كىردى، بەش يىلدىن كېيىن، تۈبۈتلار غەربىي رايوندىكى 18 قارام ئايماقلارنى مۇنقەرز قىلدى، يەنە ئۇدۇنلار بىلەن بىرلىشىپ كۇچا بىلەن فەرغانىنى ئىشغال قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنى تۆت ھەربىي كەنتتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى. VII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، تاڭ سۇلالىسى گەرچە كۇچا قاتارلىق ئەنشى تۆت ھەربىي كەنتىنى قايتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن تۈبۈتلار غەربىي رايونغا يەنىلا پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇراتتى. مەسىلەن، تۈبۈتلار بولور (ھازىرقى گىلگىت) نى كونترول قىلىپ، شۇ يول ئارقىلىق ئەنشى تۆت ھەربىي كەنتكە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، مىلادى 722 - يىلى ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى توققۇز شەھەرنى تارتىۋالدى. 747 - يىلى، «تۈبۈتلار ئۆز قىزىنى بولور خانىغا ياتلىق قىلدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى 20 نەچچە ئەل تۈبۈتلارغا قارام بولۇپ، مەركىزىي خانىدانلىققا ئولپان تاپشۇرمايدىغان بولدى». تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ زېمىنىغە ئەسكەر ئەۋەتتى. «بولور خانى بىلەن تۈبۈت مەلىكىسىنى ئەسىر ئالدى»[28]. لېكىن گاۋشيەنجى تالاس جېڭىدە مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى غەربىي

رايونىدا ئەسلىدىكى ھەربىي كۈچىنى ساقلاپ قالالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكى رايوندا ئۆكلۈگ - سۆيگۈن توپىلىڭى يۈز بېرىپ. تاڭ سۇلالىسى غەربىي رايوندىكى ھەربىي قوشۇنىنى ئىچكى رايونغا ياردەم بېرىشكە چاقىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تۈبۈتلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى بېسىۋالدى. «نەچچە يىل ئىچىدىلا غەربىي شىمالدىكى ئونلىغان ئايماقلار ئارقىمۇ ئارقا قولدىن كەتتى، فېڭشياڭ ۋىلايىتىنىڭ غەربىي، فېنجۇ ئايمىقىنىڭ شىمالى پۈتۈنلەي تۈبۈتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى[29]. مىلادى 787 - يىلى، تۈبۈتلار يەنە ئەنشى (كۇچا)، بەشبالىقنى بېسىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن «گەنسۇنىڭ غەربىدىكى ئايماق، ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسى قولدىن كەتتى»[30].

شىمال تەرەپتە، ئۇيغۇر خانلىقى قۇدرەت تېپىپ گۈللىنىش دەۋرىدە تۇراتتى. ئۇيغۇرلار ئەسكەر چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆكلۈگ - سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنجىتىشىغا ياردەم بەردى. لېكىن ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى بىلەن ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە جايلاشقان قارلۇقلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپ، بىر - بىرىگە دۈشمەنلەشكەنىدى[31]. جىدې (756 — 758) يىللىرىدىن كېيىن، غەرب تەرەپ (ھازىرقى يەتتىسۇ رايونى) تىكى تۈركەشلەر ئاجىزلىشىپ، «سېرىق قارا ئۇرۇقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىدىن خان تىكلەپ، بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىۋاتاتتى»[34]. قارلۇقلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربكە كۆچۈپ «ئون ئۇرۇق قاغاننىڭ قەدىمكى جايىغا بېرىپ ئورۇنلاشتى، ھازىرقى سۇيئاب، تالاس شەھەرلىرىنى ئىگىلىدى»[33]. شۇنىڭ بىلەن قارلۇقلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋارائۇننەھر رايونىغا يېقىن جايدىكى قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ قالدى.

يۇقىرىقى بۇ بىر نەچچە زور ۋەقەلەر مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە يۈز بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىل ئىچىدە، تۈبۈتلار، ئۇيغۇرلار، قارلۇقلاردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ كۈچ غەربىي رايوندا تەكرار كۆرەش قىلىشتى. قارلۇقلار ئۇيغۇرلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ، تۈبۈتلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇرلارنى تىزگىنلىمەكچى بولدى. ئۇيغۇرلار بولسا تۈبۈتلار بىلەن بەشبالىقنى تالىشىپ كۆرەش قىلدى. بەشبالىق ئۇيغۇرلارغا يېقىن بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچى VIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، يەرلىك قەبىلىلەرنى ئەزگەنلىكتىن، ئۇيغۇرلار بىزار بولۇپ تۇراتتى. قارلۇقلار بىلەن ئاق تۈركلەر تۈبۈتلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ بەشبالىقنى ئىشغال قىلىشىغا ياردەملەشتى. شۇڭا ۋاڭ گوۋېي: «تۈبۈتلارنىڭ بەشبالىق بىلەن ئەنشى (كۇچا)،

نى ئىشغال قىلىۋېلىشى پۈتۈنلەي قارلۇقلارنىڭ ياردەملەشكەنلىكىدىن بولغان» (34) دەپ يازغان.

790 - يىلى، ئۇيغۇر خانلىقى چوڭ ۋەزىر ئىل ئوگاسىنى قوشۇن باشلاپ ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تۇبۇتلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، قارلۇقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇتسار (هازىرقى جىمسار) شەھىرىنى تارتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 70 يىل (790 — 860) تۇبۇتلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى بولدى.

تۇبۇتلار هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، تۇبۇتلار بىلەن قارلۇقلار ئۆز ئارا يول قويۇشقا كېلىشىۋالغانلىقىدىن بولسا كېرەك، قارلۇقلارمۇ كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ، بالاساغۇندىن جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ، قەشقەر رايونىغا هۆكۈمرانلىق قىلغان (35). «هۇدۇدۇلئالەم» نىڭ 13 - باب 1 - پاراگرافىدا، قەشقەرنىڭ هاكىمى ئىلگىرى قارلۇقلاردىن ئىدى، دەپ يېزىلغان.

XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە، ئۇيغۇر قوشۇنلىرى غەربكە يۈرۈش قىلىپ، بەشبالىقنى قايتۇرۇۋالدى، شۇندىن ئېتىبارەن، قۇمۇلنىڭ شىمالىدا تۇبۇتلارنىڭ ئىزى قالمىدى، تۇبۇت قوشۇنى كۆسەندىن ئۇچتۇرپانغا چېكىنىپ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن مۇھاسىرە قىلىندى، ئۇيغۇر قوشۇنى قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بەردى. «توققۇز ئوغۇز قاغان ئابىدىسى» دە «شىمالدىكى نارىن دەرياسىغىچە قوغلاپ باردى»، «قارلۇقلارغا، تۇبۇتلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇغ-ئەلەملىرىنى تارتىۋېلىپ، باشلىرىنى كېسىپ، شىمالغىچە، غەربتە فەرغانىغىچە قوغلاپ باردى» دېيىلگەن. (36) ۋاڭ گوۋېي مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ چاغدا، ئۇيغۇرلار جەنۇبتا تۇبۇتلارنى مەغلۇپ قىلىپ، شىمالدا قارلۇقلارنى بويسۇندۇرۇپ، غەربىي كۈچىنى تاكى پامىرنىڭ غەربىگىچە يەتكۈزگەن. بۇ پاكىتلار تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلمىغان، كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ۋەقە پەقەت مۇشۇ ئابىدە ئارقىلىقلا مەلۇم بولغان (37)». ۋاڭ گوۋېينىڭ قارىشىچە، شۇ چاغلاردىلا بىر قىسىم ئۇيغۇرلار پامىرنىڭ غەربىگە كۆچۈپ بېرىپ بولغان. ئىسلام تارىخ ماتېرىياللىرىدا، شۇ مەزگىللەردە توققۇز ئوغۇزلار ماۋارائۇننەھردىكى سىياسىي ۋەقەلەرگە ئارىلاشقانلىقى خاتىرىلەنگەن (38). بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۇيغۇرلار XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدىلا ماۋارائۇننەھرگە ياكى ماۋارائۇننەھرنىڭ چېگرا رايونلىرىغا يېتىپ بارغان. ئۇ يەردە ئۇيغۇرلار ئاللىقاچانلا بولغانلىقتىن، كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇ يەرگە كۆچۈپ بېرىشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر.

قىسقىسى، XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى دەۋرلىرىدە، غەربىي رايوننىڭ ۋەزىيىتى مۇنداق بولغان: يەتتىسۇ رايونى، قەشقەر ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى ئاقسۇغىچە بولغان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى جايلاردا قارلۇقلار تۇرۇشلۇق ئىدى؛ كۇچادىن قۇمۇلغىچە بولغان جايلار تۇبۇتلارنىڭ چېكىنىپ چىقىشى بىلەن ئاستا-ئاستا مۇستەقىللىققا ئېرىشتى؛ جەنۇبىي يولدىكى خوتەنمۇ مۇستەقىل ئورۇنغا ئېرىشتى (ستېيىن مۇنداق دەپ قارىغان: خوتەن ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بولۇپ، تاكى XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى ئون يىلىغا كەلگەندە قاراخانىلار خاندانلىقى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان) [39].

40-يىللىرىغا كەلگەندە، ۋەزىيەتتە يەنە ئۆزگىرىش بولدى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب — ئۇيغۇرلارنىڭ تىرە-پىرەن بولۇپ توزۇپ كېتىشى ۋە تۇبۇتلارنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى ئىدى. تاڭ سۇلالىسى كەيچېڭنىڭ 4-يىلى (839-يىلى)، ئۇيغۇرلار «يىلمۇ يىل ئاچارچىلىققا ئۇچراپ، مال-چارۋىلىرى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتتىق قار ئاپىتى بولغانلىقى» [40] ئۈچۈن، شىمال تەرەپتىكى قىرغىزلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇيغۇرلارنى قاتتىق مەغلۇب قىلدى، «ئۇلارنىڭ ئوردىسى خارابلىشىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قېچىپ توزۇپ كەتتى. ۋەزىر پاسا تېكىن بىلەن پان تېكىن 15 قەبىلىنى باشلاپ قارلۇقلارنىڭ يېرىگە كۆچۈپ باردى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تۇبۇتلارغا تەۋە بولدى، بىر قىسمى ئەنشى (كۇچا) دۇخۇ مەھكىمىسىگە تەۋە بولدى» (41). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇبۇتلارمۇ ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. تارىختا: «(838-يىل تەختكە ئولتۇرغان زەمپۇ — يەنى خان) «دامۇ ئەيش-ئىشرەتپەرەست زالىم خان بولۇپ، پۇقرالار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمايتتى. داۋاملىق ئاپەت يۈز بېرىپ تۇرغانلىقتىن تۇبۇتلار زەئىپلىشىشكە باشلىدى» (42). بۇ چاغدا، تاڭ خاندانلىقى، ئۇيغۇرلار، تۇبۇتلاردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ كۈچ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنىدى [43]. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈرك قەبىلىلىرى ھەر قايسى ئۆز ئالدىغا بۆلۈنۈپ، ئۆزى بەگ ئۆزى خان بولۇۋالغان، بىرلىككە كېلەلمىگەن ۋەزىيەت شەكىللەندى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتى ۋە مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. لېكىن، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى چۈشىنىشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئىككى تەرەپنىڭ خاتىرىسىنى سېلىشتۇرۇپ دەلىللەش خېلى قىيىنغا چۈشىدۇ. مىسارنىڭ ساياھەت خاتىرىسى بىلەن گاۋجۇخەينىڭ ساياھەت خاتىرىسى، «ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى خاتىرە بىلەن ۋاڭ يەندېنىڭ قوچوغا

ئەلچىلىك خاتىرىسىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش بۈگۈنكى كۈنگىچە يەنىلا بىر بوش تېما بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىمىز ئالىملىرى تېخى تەتقىق قىلىپ كۆرمىگەن قىسمى تېپىلىدۇ.

( 6 )

مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىياغا تەرەققىچىلىق سېلىپ كەلگەن بىر ئاساسلىق كۈچ، روشەنكى، تۈبۈتلار ئىدى. ئەمدى بىز «ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى تۈبۈتلارغا دائىر خاتىرىلەرنى كۆرۈپ باقايلى.

بۇ كىتابنىڭ 11-بابىدا مەخسۇس تۈبۈتلار ئۈستىدە توختالغاندىن تاشقىرى، باشقا باب-پاراگرافلىرىدىمۇ تۈبۈتلار قوشۇمچە تىلغا ئېلىنغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ماتېرىياللار تۈبۈتلارنىڭ قۇدرەت تاپقان مەزگىللىرىگە (يەنى 838-يىلدىن ئىلگىرىكى مەزگىللەرگە) ئائىت ماتېرىياللار بولسا كېرەك.

تۈبۈتلار قۇدرەت تاپقان مەزگىللەردە، ئۇ ناھايىتى كەڭ زېمىننى ئىشغال قىلغان. مەزكۇر كىتابتىكى خاتىرىدىن قارىغاندا، «كۈچاك (مىنورىسكى بۇ جاينى ھازىرقى لەنجۇ دەپ قارىغان) دا تۈبۈتلار بىلەن خەنزۇ سودىگەرلىرى ئولتۇراقلاشقان». «گەنجۇنىڭ يېرىمى خەنزۇلارغا تەۋە، يېرىمى تۈبۈتلارغا تەۋە. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش بولۇپ تۇرغان، ئۇلار بۇتقا چوقۇنغۇچىلار، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتى تۈبۈت قاغانىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ». «سۇجۇ بولسا تۈبۈتلارنىڭ چېگرا رايونى» (يۇقىرىقىلار 9-بابتا بايان قىلىنغان). بۇ، تۈبۈتلارنىڭ كۈچى خېشى رايونىغىچە يېتىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان لەنجۇ رايونى بىلەن سۇجۇ ئايمىقىنىڭ ئەھۋالى تۈبۈتلار كېڭىيىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋال بولسا كېرەك. گەنجۇنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى خاتىرىنى مىنورىسكى ئامم دەۋرى (760-800-يىللار) گە ئائىت خاتىرە، ئۇ دەل تۈبۈتلار گەنجۇنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان مەزگىل، شۇڭا «ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتى تۈبۈت قاغانىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ» دېيىلگەن، دەپ قارىغان. لېكىن خەنزۇلار تۈبۈتلارغا قارشى ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلغان. بۇ، ئاپتورنىڭ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئۇ تۈرلۈك كىتابلاردىن ئۈزۈندە ئېلىپ، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ماتېرىياللارنى ئارىلاشتۇرۇپ تۈزۈپ چىققان بولغاچقا، قاملاشماي قالغان. ئەمەلىيەتتە ئۈڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن تۈبۈتلار «خېشى بىلەن گەنسۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى قويماي ئىشغال قىلىۋالغان» (44)، خەنزۇلار زۇلۇمغا ئۇچراپ، «ياتلار تەرە-

پىدىن قوبۇل قىلىنغان» ⑮ يەنى قۇلغا ئوخشاش ئەھۋالدا قالغان بولۇپ، ئاپتور تەسۋىرلىگەندەك ئۇنداق ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى.

غەرب تەرەپتىكى گۇاجۇ، شاجۇ رايونلىرى توغرىسىدا پەقەت «ئۇلارنىڭ هۆكۈمىتىنى جۇڭگو ئەۋەتكەن. ئاھالىلىرى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.» ياكى «بۇتقا چوقۇنغۇچىلار» دېيىلگەن. بۇنىڭدا ئىككى خىل ئېھتىمال بار: بىر خىل ئېھتىمال، ئۇنىڭدا ئېيتىلغىنى تۈبۈتلار كېڭەيىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن؛ يەنە بىر ئېھتىمال، بۇ رايونلارنى خەنزۇلار قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىنكى ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن. خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، شاجۇ رايونى تاڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنجۇڭ 2 - يىلى (781 - يىلى) تۈبۈتلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، 70 يىل (781 — 850) ئۇلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا بولغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزوڭ يىللىرىدا، يەرلىك ئادەملەردىن جاڭ يىچاۋ تۈبۈتلار ئاجىزلىشىپ مالىمانچىلىق ئىچىدە قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 848-يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۇ يەردىن تۈبۈتلارنىڭ كۈچىنى قوغلاپ چىقارغان. ئۇنىڭ كەينىدىنلا قوشۇن تارتىپ، ئەتراپتىكى گۇاجۇ، يىجۇ (قۇمۇل)، شىجۇ (تۇرپان)، گەنجۇ، سۇجۇ، لەنجۇ، شەنشەن (پىچان)، خېجۇ، مىنجۇ، گوجۇدىن ئىبارەت ئون ئايماقنى تىنچلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاكىسى جاڭ يىتەندىن 11 ئايماقنىڭ خەرىتىسىنى تاڭ خانىدانلىقىغا تەقدىم قىلىپ ئەۋەتكەن. جاڭ يىچاۋنىڭ خېشى رايونىدىكى هۆكۈمرانلىقى جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى هۆكۈمرانلىقىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. لېكىن «هۇدۇدۇلئالەم» دىكى خاتىرىدە بايان قىلىنغان ئەھۋال VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرىكى ئەھۋالنى كۆرسىتىشى ئېھتىماللىغا تېخىمۇ يېقىن بولۇپ، ئۇ، IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى جاڭ جەمەتى هاكىمىيىتىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنىڭدا «ئاھالىلىرى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ» دېيىلگىنى، ئېھتىمال، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلارنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭمۇ غەربىدە K.san بولۇپ، «ئۇنىڭ هاكىمىنى تۈبۈتلار ئەۋەتكەن». مىنورىسكى بۇ جاينى ئالتۇن تاغنىڭ غەربى ۋە كۇئېنلۇن تېغىنىڭ جەنۇبى دەپ قارىغان. كۆتم، ئۇنىڭ هاكىمى تۈبۈتلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ»، بۇ جاي تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىچېڭ بازىرى (هازىرقى چارقىلىق). ئاپتور تىلغا ئالغان يۇقىرىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسى ئەسلى جۇڭگوغا تەۋە بولۇپ، كېيىن تۈبۈتلار ئىشغال قىلىۋالغان.

مەخسۇس تۈبۈتلار توغرىسىدا سۆزلەنگەن 11 - بابنىڭ بېشىدىلا: تۈبۈتلارنىڭ غەرب تەرىپى ماۋارائۇننەھر بىلەن تۇتىشىدۇ، دېيىلگەن. شەكسىزكى، بۇ تۈبۈتلار

كېڭەيىپ شىنجاڭنىڭ بىر قىسمىنى ئىشغال قىلىۋالغان مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 26 - بابنىڭ 15 - پاراگرافىدا ۋاخان (ئاۋغانىستان دائىرىسىدە) نىڭ khamdadh دېگەن بىر كەنتى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇ يەردە بۇددا ئىبادەتخانىسى بار، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە بىر قەلئە بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇبۇتلار تۇرىدۇ، دېيىلگەن؛ 18 - پاراگرافتا ماۋارا ئۇننەھرنىڭ چېگرىسىدىكى samarQandaQ كەنتى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇ يەردە تۇبۇتلار تۇرىدۇ، دېيىلگەن؛ 20 - پاراگرافتا ھازىرقى سىرىناگارنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى andras شەھىرى (ئۇ زاماندا چوڭ بولۇر يەنى بالتىستان تەۋەسىدە ئىدى) تىلغا ئېلىنىپ، ئۇ يەردىمۇ تۇبۇتلار تۇرىدۇ، دېيىلگەن. بۇلار تۇبۇتلارنىڭ كۈچى پامىرغا يېقىنلىشىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تۇبۇتلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى تۆت ھەربىي كەنتىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن VIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدىلا چوڭ - كىچىك بولۇر رايونىغا كېڭەيگەنلىكى توغرىسىدىكى دەلىللەرنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. كېيىنكى چاغلاردا، تۇبۇتلار كۇچا بىلەن بەشبالىقنى بىر مەھەل ئىشغال قىلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار تېركەشكەنلىكى ئۈچۈن، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى زادىلا تىكلىيەلمىدى. تۇبۇتلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلار ئاساسەن ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى، شەرقىي قىسمى ۋە شەرقىي شىمال قىسمىدىكى بەزى رايونلار ئىدى. ئۇيغۇرلار بەشبالىقنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ شىمالىدا «تۇبۇتلارنىڭ ئىزى قالمىغان» ئىدى. شۇڭا، «ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، تۇبۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلىرى ئاساسەن ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جايلار بولغان. B.lUri ھازىرقى لاداق رايونىغا توغرا كېلىدۇ، ئۇ «تۇبۇتلارنىڭ بىر رايونى» سۈپىتىدە، كېيىنكى چاغلاردا «كىچىك تۇبەت» دەپ ئاتالغان. يەنە zava دېگەن جاي بولۇپ، تەخمىنەن خوتەن ئەتراپىدا. Twsmt تەۋەسىدىكى بىر كىچىك كەنت، بۇمۇ تۇبۇت رايونى دەپ ئاتالغان. AJa. AJayul، تۇبۇتچە Ha.za، پېللىئوت بۇ تۇيغۇنلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىغان. AJayul تۇيغۇنلار رايونى بولۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ بىر تەرىپى پىشامشان دۆلىتىگە، يەنە بىر تەرىپى شاجۇ ئايمىقىغا تۇتىشىدۇ (46). لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدا. ئاپتور مۇنداق يازغان: «بۇ جايدا ئوتلاق، يايلاقلار ۋە تۇبۇتلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى بار. تۇبۇتلارنىڭ قاغانى ئۆلۈپ، (M.yul) قەبىلىسىدىن ئادەم قالمىغان چاغدا، خەلقلەر Ajayul لۇقلاردىن بىرسىنى ئۆزلىرىگە سەردار قىلىپ سايلىغان.»

8 ـ پاراگرافتا تىلغا ئېلىنغان چوڭ ـ كىچىك J.RM.N.GAN نىڭ ئورنى Ajayul بىلەن Twsmt نىڭ ئارىلىقىدا . بۇ ئېھتىمال، چەرچەن بولۇشى مۇمكىن، Twsmt بولسا خوتەننىڭ جەنۇبىدا. ئاپتور «بۇ جاي ئىلگىرى خەنزۇلارغا تەۋە ئىدى، ھازىر بولسا تۈبۈتلارنىڭ ئىلكىدە، ئۇ يەردە تۈبۈت قاغانىنىڭ ھەربىي قوشۇنى بار» دەپ يازغان. بۇ، تۈبۈتلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى رايونلارنى ئىشغال قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تىلغا ئېلىنغان 11 جاينىڭ نامى تامامەن ئىران تىلىدا يېزىلغان. ئاپتور مۇنداق يازغان: «بۇ جايلار، ئىلگىرى جۇڭگوغا تەۋە ئىدى، لېكىن ھازىر تۈبۈتلار ئىگىلىگەن. بۇ جايلاردا نۇرغۇن توققۇز ئوغۇزلار بار .... RayKuiya بىلەن Kunkra ئارىلىقىدا ناھايىتى كاتتا قورغان بار، تۈبۈت قاغانىنىڭ دۆلەت خەزىنىسى شۇ يەرگە يېغىلىدىغان.» مىنورىسكى بۇ جايلارنى خوتەندىن قەشقەرگە بارىدىغان يول ئۈستىدە دەپ قارىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، 21 ـ پاراگرافتا تۈبۈتلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ چېگرىسى تۇتىشىدىغان جاي كۇچا دەرياسىنىڭ يېنىدىكى GH.zA غىچە يېتىپ بارىدۇ، دېيىلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تۈبۈتلار تاكى قەشقەرنىڭ يېنىغىچە كېڭىيىپ بارغان، خوتەن بولسا تۈبۈتلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولغان. ئاپتور ئېيتقان بۇ ئەھۋال، ۋاقىت جەھەتتىن بىر قەدەر ئىلگىرى بولۇپ، مىلادى 840 ـ يىلدىن ئاۋۋالقى ئەھۋال بولۇشقا تېگىشلىك. ھالبۇكى، ئۇ چاغدا بۇ رايونغا توققۇز ئوغۇزلار كېلىپ بولغان .

تۈبۈتلار ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىغا كېڭىيىپ كىرگەنلىكتىن، غەربىيتىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىلەنمۇ بىۋاسىتە قاتناش ۋە سودا ئالاقىسى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. شۇڭا 11 ـ بابنىڭ كىرىش سۆزىدە: «ھىندىستاننىڭ ھەممە ماللىرى تۈبۈت رايونىغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئاندىن تۈبۈت رايونىدىن مۇسۇلمان دۆلەتلەرگە چىقىرىلىدۇ» دەپ يېزىلغان.

خوتەن رايونى، جېنيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادى 785 ـ يىلى) ئۇدۇن خانى ۋىسار ياۋتاڭ خاندانلىقىغا ئەلچى ئارقىلىق مەكتۇپ يوللاپ، ئۆز ئاكىسى شېڭخۇنىڭ خانلىق تەختىگە چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي «تۈبۈتلار ئەنشى تۆت ھەربىي كەنتىنى ئىشغال قىلىۋاتقانلىقتىن، تاڭ خاندانلىقى بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالدى. تاكى تاڭ خاندانلىقى ئاخىرلاشقانغا قەدەر، ئۇدۇن توغرۇلۇق ھېچقانداقلا مەلۇمات بولمىدى»(47). مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، خوتەن رايونىمۇ تۈبۈتلار كونترول قىلىۋالدى (48). لېكىن ئومۇمەن قارىغاندا، خوتەننىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانى ئىزچىل تۈردە ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ

كەلگەن. تۇبۇتلار كۈچىيىپ، قۇدرەت تاپقان مەزگىللەردىمۇ، پەقەت تۇبۇت ئەمەلدارلىرىنىڭ نازارەتچىلىكىدىلا بولغان. XI ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەندە، تۇبۇتلار ئاجىزلاپ، خوتەن يەنە تولۇق مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن. ستېيىن خوتەندە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ھاسىل قىلغان تەسىراتى بويىچە، خوتەن ئەينى زاماندا ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بولۇپ، بۇ مۇستەقىللىق تاكى XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 10 يىلىدا قاراخانىلار خاندانلىقى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانغا قەدەر داۋاملاشقان، دەپ قارىغان. شۇڭا، «ھۇدۇدۇلئالەم» دە خوتەننى 9 - بابقا قويۇپ، جۇڭگونىڭ بىر رايونى سۈپىتىدە بايان قىلغان. بەزىدە ھەتتا خوتەننى چىن (chiN) دەپ ئاتىغان. ئاپتور مۇنداق دەپ يازغان: «ئۇدۇن خانى ئەيشى - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىغان تەككاببۇر ئادەم بولۇپ، ئۆزىنى «تۈركلەر بىلەن تۇبۇتلارنىڭ خانى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ جۇڭگو بىلەن تۇبۇتنىڭ چېگرا سىزىقى ئۈستىدە تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا تەۋە رايونلارنى سارايغوجىسى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدۇ». مىنورسكى بۇ ماتېرىيالدا ئېيتىلغان ئەھۋال ۋاقىت جەھەتتىن كېيىنرەك، دەپ قارىغان. ئۇدۇن خانى دېگىنى لى شېڭتيەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئىدى.

تۇبۇتچە خەت - چەكلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، خوتەن رايونى ئىزچىل تۈردە ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈمىنى ساقلاپ كەلگەن. گويا ئۇ تۇبۇتلار زېمىنى ئىچىدە تۇرغان جۇڭگونىڭ بىر پارچە ئۆتۈشمە يېرىگە ئوخشايدۇ. تۇبۇتلارنىڭ چېكىنىپ چىقىشى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈپ كىرىپ كەلگەن، لى شېڭتيەن ئۇيغۇر بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ تيەنفۇ 3 - يىلى (938 - يىلى)، ئۇدۇن خانى لى شېڭتيەن ئەلچى ئارقىلىق تارتۇق يوللىغان. جىن سۇلالىسى جاڭكۇاڭيېن، گاۋجۈخېي قاتارلىقلارنى ئۇنىڭ دۆلىتىگە ئەۋەتىپ، لى شېڭتيەنگە ئۇلۇغ نائىمب ئۇدۇن خانى دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئۇدۇن خانى شاجۇ ئايمىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ساۋ جەمەتى بىلەن ئۆز ئارا قۇدىلىشىپ، ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىز يۈسۈپ